

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# سەنسىز كۈنلەر

*The Works of Ghujimuhammad Muhammad*

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

## غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەسەرلىرى

جان سەنىمى
بەرگى خازان
شېئىردىكى قىز
مەشرەپ چۆلى
ياشلىق بېغى
**سەنسىز كۆڭلەر**
ئىشق قامچىسى
سۆيگۈ ھالاكىتى
سەھنىدىكى قەلەندەر
مۇھەببەت، ئىشىكىڭنى ئاچ



ISBN 978-7-5373-3840-0
9 787537 338400
定价: 40.00元

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد
سەنسىز كۆڭلەر
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

The Works of Ghujimuhammad Muhammad



غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# سەنسىز كۈنلەر

(2009 ــ 2010 ـ يىللار)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
تۇشقۇر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

没有你的日子：维吾尔文/霍吉穆罕买提·穆罕买提著.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2014.12
ISBN 978-7-5373-3840-0

Ⅰ.①没… Ⅱ.①霍… Ⅲ.①短篇小说-小说集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第302754号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑：其曼古丽·阿吾提
特约编辑：伊斯坎代尔·艾尼瓦尔
责任校对：坎拜尔古丽·乌斯曼
封面设计：努尔买买提·艾买尔

没有你的日子

编　　者：霍吉穆罕买提·穆罕买提
出　　版：新疆人民出版总社 喀什维吾尔文出版社
电　　话：0991-8888763
地　　址：喀什市塔吾古孜路14号
邮　　编：844000
发　　行：新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷：新疆新华印刷厂
开　　本：880×1230 毫米　1/32
印　　张：6.25
版　　次：2014年12月第1版
印　　次：2016年8月第1次印刷
定　　价：40.00元



# مۇندەرىجە


يۇلتۇزلار جىمىرلار، جىمجىت قەبرىلەر ........................ 1
تالادا شاماللار چالار قوڭغۇراق ........................ 2
ماڭا مۇھەببەتنى شىپى كەلتۈرمە ........................ 3
ئەڭ يىراق ئورماندىن يانار ئاۋازىم ........................ 4
قايغۇلار چېچەكلەپ، كەلگەندە باھار ........................ 5
كەلگەن قىز ........................ 6
تۈنۈگۈن بۈگۈندىن بىر كۈنلۈك يىراق ........................ 7
قايغۇلار ئىچىدىن گۈل كۆتۈرۈپ كەل ........................ 8
مەن شېئىر يازاي ........................ 9
دوزاخلارنى ساناپ تۈگەتتىم ........................ 11
گۈل ئۈزۈش ........................ 12
قولۇمنىڭ قوللىرى بارماقلىرىمدا ........................ 14
بۇ بىر كۈن... ........................ 15
قۇچقىمنى بىكارلىدىم ........................ 16
كەل، بۇ تېنىم بىر باغۇ بوستان ........................ 19
يامغۇر ياغدى كىرپىكلىرىڭدىن ........................ 20
قاچماق بولسام خىياللىرىمدىن ........................ 22
رەڭگىنى تونۇغىلى بولمايدىغان كېچە يوپۇرماقلىرى ........................ 23
ئاشىقلىقىم بىر ناخشا ........................ 24
بارمۇ مەن كۆڭلۈڭنىڭ خانىقاسىدا ........................ 25
مەن جىمجىت ئولتۇردۇم كۆزۈڭگە قاراپ ........................ 26

يەنە بىر ناخشا ........................ 27
بۇ شەھەردە ماشىنىلار ۋە... ........................ 30
دەرەخلەردىن تىللا ياغار ........................ 31
بۇ بىر ئېسىل كۆي ........................ 33
ھەربىر ئۆلۈمدە بىردىن باھار ........................ 34
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ قانمايسەن مېنى ........................ 35
غۇۋا ئېچىلغان ئەتىرگۈل ........................ 36
شەنبە كەچ ئۆيدە ........................ 37
كېلەر يولۇڭ قايدىدۇر؟!... ........................ 39
سۆيگۈ ئېتىزىدا بىللە ئىشلەيلى ........................ 41
تېپىۋالار قايسى قىز مېنى ........................ 42
يارىمنىڭ چاچلىرى ........................ 43
شارابلار مەست بولار سۆيگەندە سېنى ........................ 44
ئاخىرقى قەدەھنى كۆتۈرەيلى بىز ........................ 45
تېنىمدىن تېنىڭگە ئاقار بىر دەريا ........................ 46
شېئىرلىرىم... ........................ 47
يۈر، ئامرىقىم، كېتەيلى يىراق ........................ 48
يالغان... ........................ 50
ئۇ كىمنىڭدۇ سۆيۈشۈۋاتقان ھۇجرىسى ........................ 51
سېنىڭ قېشىڭغا كېتىۋاتىمەن ........................ 52
ھەر تەرەپتىن كېلىسەن ........................ 53
گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت بولسامۇ ........................ 54
كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىنىڭ يېنىدا ........................ 55
بىكەتكە گېپىم يوق ........................ 56
تۈن باللىرى ........................ 57
كونا دۇنيا ........................ 58
لەۋلىرىمىز ئىچكەندە شاراب ........................ 59

كۆتۈرۈلدى قەدەملەر ئېگىز ........................ 60
كۆتۈرۈلدى ئەسەبىي ئارمان ........................ 61
مۇھەببەت تۇگەيدۇ قۇياش چىققاندا ........................ 62
كەچ كۇز ........................ 63
سوغۇق ئايلار ........................ 64
بولسام ئىدىم كاشكى بىر كىشى ........................ 65
قالدۇرماسمەن ھېچنېمە ........................ 66
مەڭگۈلۈككە كېتىۋاتقاندا ........................ 67
سۆيۈۋەردىم سېنى سەۋەبسىز ........................ 68
تۇنجى خوتۇنۇمغا ئاتالغان... ........................ 69
خەير خوش ........................ 70
بولۇپ قالسام يېشىل يوپۇرماق ........................ 71
ۋاقىتسىز توزۇغان گۈللەرگە قاراپ ........................ 72
ناخشا ئىزدەپ چىقسام تالاغا ........................ 73
كۆزلىرىمنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ........................ 74
يول بويىدىكى ئىككى تېرەك ........................ 75
بۇ شېئىرنىڭ ئۆلۈم يولىدا ........................ 76
ئىزاھات ........................ 77
ئەسەبىي ھېسسىيات ........................ 78
قۇربان ھېيتنىڭ خۇشاللىقى ........................ 79
تاشلار زۇۋانسىز ........................ 80
تۇمان ئۇپۇقى ........................ 81
مېنى شائىر دېدىلەر ........................ 82
قانات ياساپ تۇرغىنىم... ........................ 83
مەندىن ساڭا ماڭغىنى ........................ 84
ئەڭ ئېگىز شارقىراتمىنىڭ نالە - زارى ........................ 85
يىغلىما، مەن ئۆلسەم ناخشام قالىدۇ ........................ 86

گاھ يەردە، گاھ كۆكتە دۈپۈرلەر يۈرەك ........................ 87
بىر بولسا ئاسماندا يەنە ئاسمان بار ........................ 88
ئىشسىز ........................................ 89
خۇشال ـ خۇرام قامچىلار ........................ 90
ئۆلۈم كېلىۋاتىدۇ ........................ 91
سەن ماڭا كۆرسەت ........................ 92
چۇۋۇلۇپ كەتتىم ........................ 93
جانان كېلۇر ........................ 94
بەلكىم ........................ 95
دېرىزىنىڭ يېنىدا ........................ 96
مەن دەيمەن قانداقمۇ سېنى تۇتقۇن قۇش ........................ 97
بوپقالار بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ناخشام ........................ 98
نەپرەت بىلەن ئاقارغان قۇملار ........................ 99
چۈشۈمدىكى پەرىزات ........................ 100
ئانام ئۆيدە، ئاتام جەننەتتە ........................ 101
بەرگى خازان ........................ 102
ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن ........................ 104
بىر ئايال تېنىمنى جاراڭلاتقاندا... ........................ 105
ئايال ياكى شامال ........................ 106
سۆڭەككە ئويۇلغان تەكلىماكاندۇر ........................ 107
قاندۇراي، جانانىم پەقەت سەن بىلەن... ........................ 109
يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ مەنزىلى ........................ 110
چېچىڭنىڭ ئىللىق ۋە نەمخۇش يامغۇر ھاۋاسى ........................ 112
قاناتلىرى سىيلانغان ئاسمان ........................ 113
جانان چىنىلەر ........................ 114
گۈلنى پىنھان قىلىپ، غۇنچىسىنى قات ـ قات قىلۇر ........................ 116
قارا كۆز ھوي، ھوي... ........................ 117

لېۋىڭدىكى مۇھەببەت شارابلىرى قايناشتىن ئىلگىرى ........... 118
يېنىمدا ئولتۇر ........................................ 120
بولغىن قەبرەم ئۇستىدىكى ئاي .......................... 121
تاشلار ئۆلۈپتۇ... ....................................... 122
يارەي... ................................................. 123
نەي ئۈنى ................................................ 124
بىرلا ئۆلۈمدۇر .......................................... 125
ئون كۈنلۈك ئاينىڭ ئون بىر ناخشىسى ..................... 126
چۈشۈمنىڭ مېنى سەيلە قىلدۇرىدىغان ۋاقتى ................. 130
مۇڭ - زار ............................................... 131
ئەتىر كۆڭلىكىنى يامىۋالغان قىز .......................... 132
سەن ئۆزۈڭ سۆيۈپ قوي، سەن ئۆزۈڭ... .................... 133
ئادا ...................................................... 134
مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام ........................... 135
سۆيۈشۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ............................. 136
كۆيۈۋاتقان مېنىڭ يۈرىكىم ................................ 137
... چۆلدىن كېلىمەن ....................................... 138
سۆيگۈ بىزنىڭ ئىللىق ئۆيىمىز ............................. 139
قەسەملىرىم ئىشىك ئالدىدا ................................ 140
مەن سېنىڭ باشپاناھىڭ دېگىنىمچە... ....................... 141
يوپيورۇقتۇر كۆڭلۈمدىكى جاي .............................. 142
شېرىن چۈشلەر پەلەمپىيدە ................................ 143
باھار كەلگەن ئوخشايدۇ .................................. 144
ئاھ!!! .................................................... 145
قولۇمنىڭ قوللىرى قولۇڭدا قالدى .......................... 146
ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈم ئالدىدا... .......................... 147
ھلال قەبرىستان ......................................... 148

بۇنداق ئۆلۈمنى ياشىيالمايمەن ........................ 149
يامغۇردىكى دېرىزىلەردە ........................ 150
ئەينىكنىڭ تۇماندا بولدى باراقسان ........................ 151
تاشنىڭ ئىچىدە تاش يوق ........................ 152
سۇبھى دەريانىڭ بىر قانتى ........................ 153
ئىككىمىز ........................ 154
يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل ........................ 155
يۇلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا ........................ 156
قۇم بىلەن چۆل، خوتەن بىلەن مەن ........................ 157
يورۇق تۈندىن بىر جام ئەكەلدىم ........................ 159
ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام ........................ 160
ئويناپ يۈرۈپ ئۆلەرمەن ........................ 161
خوراز چىللار جىندەك لاۋۇلداپ ........................ 162
ئايدىن گۈزەل ........................ 163
ئىسمىڭنى مىخلىدىم قاقشال يۈرەككە ........................ 164
كوچاڭدا كوچاڭنىڭ قاراڭغۇ چۈشى ........................ 165
مېنى سات پەلەك ........................ 166
ئاخىر بىر مەشرەپى، ئاخىر بىر غوجى ........................ 167
يالىڭاچ قەلبىم ........................ 168
قۇياش كېچىسى ........................ 170
مېنىڭ كۆڭلۈم ........................ 171
تېنىگە پۈركىنىپ ياتقان ئەتىرگۈل ........................ 172
نازاكەت ........................ 173
سەندىن باشقا ئايال كەلمىدى ........................ 175
سەنسىز كۈنلەر شېئىر پۈرايدۇ ........................ 176
خۇرجۇنۇم ساڭا لىق تولدى ........................ 177
ئېھ، بۇ جام... ........................ 178



ئىچىدە يوق ئۆلۈكمەن ........................ 179
سىنىڭ تېنىڭ... ............................ 180
ئېگىز ئۆسكەن ئاۋۇ دەرەخلەر .................. 181
ئۆلۈك يۇيۇنىدىغان ئايدىڭدا .................. 182
گىريان .................................. 184
جېنىم قىلىچىنىڭ بىسىدا چېچەك ................ 185
ئۆلىدىغان ئادەممەن ........................ 186



# يۇلتۇزلار جىمىرلار، جىمجىت قەبرىلەر

يۇلتۇزلار جىمىرلار، جىمجىت قەبرىلەر
چۈش كەبى ئاي نۇرى ئاستىدا غەمكىن،
سۈكۈنات ئىچىدە قانات قاقىدۇ،
كېتەلمەس ئاسمانغا ئۇچۇپ ۋە لېكىن.

گاھىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ،
چېچىلىپ كېتىدۇ ئاپپاق سۆڭەكلەر.
گاھى بىر قەبرىلەر تۇرار لاۋۇلداپ،
ئۆلمىگەچ ئۇنىڭدا ئاشىق يۈرەكلەر.

قەبرىلەر ئىچىدە بىر تەنھا قەبرە
ئولتۇرار دۇنياغا كەينىنى قىلىپ.
كۈتەر ئۇ ئېھتىمال بىر كۈنى مېنىڭ
ئارام ئېلىشىمنى ئۆزىگە كىرىپ!...

2009 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# تالادا شامالللار چالار قوڭغۇراق

تالادا شامالللار چالار قوڭغۇراق،
ياڭرايدۇ بىر كىمنىڭ ئۆلگەن ئاۋازى.
ئاياللار پىنھاندىن چىقىدۇ لەرزان،
قانايدۇ گۈللەرنىڭ كۈلگەن ئاۋازى.

كېلىدۇ چۆللەردىن بىر دەريا غېرىب،
كېلىدۇ باغلاردىن بىر دەستە سەنەم.
چۈشىدۇ ئاسماندىن بىر تامچە ئەجەل،
چىقىدۇ تۇپراقتىن بىر قەتلە ئەجەم.

تالادا ئازاب يوق، ئازاد سۆيگۈلەر،
تالادا سۆيگۈ يوق، ئازاد دەرد ـ ئەلەم.
ئاھ، چەكسىز ئىنتىلىپ قىيامەتكىچە
تالاغا قارايدۇ ئۆيدىكى ئادەم!

2009 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# ماڭا مۇھەببەتنى شېپى كەلتۈرمە

ماڭا مۇھەببەتنى شېپى كەلتۈرمە،
ئاسمان بىر يانغا قىڭغىيىپ قالدى.
روھىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئۆلتۈرمە،
كۆزلىرىم قۇياشقا نۇر بېرىپ تالدى.

جېنىم — بىر ساھىبجامال
ھاياتلىقنىڭ سەلتەنەتلىك سازىنى چال،
ئاندىن ئۇنىڭغا پىچىقىڭنى سال...

مەن قەلبىمدىكى قىپقىزىل يالقۇنلارنى ۋاراقلاۋاتقاندا،
رەڭگارەڭ ئۆلۈملەر ئارا ئەتىرگۈللەرنى تاللاۋاتقاندا،
يارىمنىڭ قۇچىقىدا مۇھەببەتكە زار بولۇپ يىغلاۋاتقاندا
توۋا قىلمايمەن،
ماڭا مۇھەببەتنى شېپى كەلتۈرمە!

2009 - يىلى 16 - ئاۋغۇست، خوتەن

# ئەڭ يىراق ئورماندىن يانار ئاۋازىم

ئەڭ يىراق ئورماندىن يانار ئاۋازىم،
ياپراقلار شىۋىرلاپ بۇزار غەزەلنى.
بەلكىم مەن ھېچقاچان ياشاپ باقمىغان،
يارىمنىڭ تېنىدە كۆرۈپ ئەجەلنى.

كەزدىم مەن، ھەر كۆڭۈل ئوخشاش بىر جاڭگال،
بولمايدۇ ئۇنىڭدىن قايتىپ كەلگىلى.
مۇھەببەت ھاياتقا كەلمىسە يېنىپ،
بولمايدۇ ئۇنىڭغا ئۆلۈپ بەرگىلى.

2009 ـ يىلى 19 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

## قايغۇلار چېچەكلەپ، كەلگەندە باھار

يەنە بىر چۆل بىلەن باياۋان كېلىپ
قەلبىمنى بىپايان قىلسۇن مۇھەببەت.
ئەي سۇنۇق كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىلىرى،
ئېچىلىپ تۇرغىن سەن تاڭلارغا ئەبەد.
ئاياللار جىسمىدۇر مېنىڭ زېمىنىم،
ئەتلەستەك يەلپۈتۈپ تۇرار شاماللار.
پادىشاھ بولىمەن ئۇلارغا بەلكىم
قايغۇلار چېچەكلەپ، كەلگەندە باھار.
ئەي مېنى ئۆلۈمگە ئالدىراتقان زات،
توختاپ تۇر، يارىمنى سۆيەي ئاڭغۇچە.
ھاياجان ئالدىرا، كۆڭلىكىڭنى سال،
يۇلتۇزلار چاراقلاپ يانسۇن تاڭغۇچە.

2009 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست، خوتەن



# كەلگەن قىز

كىمدۇ ئۇ كەلگەن قىز، ئايمۇ، قۇياشمۇ،
ياكى ئۇ سۈبھىدە يانغان چولپانمۇ؟
كېچىدە ئۆيۈمگە كىرىپ شەپىسىز،
چۈشۈمنى ئوغرىلاپ قاچقان مېھمانمۇ؟!

لەپىلدەپ كۆزىدە تۇغلار ـ ئەلەملەر،
بىر دەھشەت قوشۇنمۇ ئۇرۇشقا ماڭغان؟...
مۇھەببەت ئىلكىدە قارىدى ماڭا،
ئەل بولدۇم ئۇنىڭغا شەرتسىز شۇ ھامان.

2009 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست، خوتەن



# تۈنۈگۈن بۈگۈندىن بىر كۈنلۈك يىراق

ئىككى كۆز ئارىسى مەڭگۈلۈك كېچە،
بۆشۈكتىن قەبرىگە بىر ئۆمۈرلۈك يول.
تۈنۈگۈن بۈگۈندىن بىر كۈنلۈك يىراق،
ماڭايلى مەردانە تۇتۇشقانچە قول.

ھاياتنىڭ شامىنى ياندۇرار ئۆلۈم،
ئۆچۈرمەي تەڭرىگە تاپشۇرايلى بىز.
سۆيگۈنى رەھمەت دەپ قىلايلى قوبۇل،
دۇنيانىڭ بېغىدا پورەكلىسە قىز.

ئەي دوستۇم، بىز يازغان ساختا شېئىرلار،
راستتۇر، ئۇ، بەئەينى قۇياشتەك پارلاق.
سېلىپ بىز قاتمۇقات كىيىممىزنى،
يالىڭاچ چىنلىقنى كۈيلەيلى ئۇزاق...

2009 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# قايغۇلار ئىچىدىن گۈل كۆتۈرۈپ كەل

قايغۇلار ئىچىدىن گۈل كۆتۈرۈپ كەل،
مۇقامنى گۆرلەرنىڭ ئىچىدە ئاڭلا.
ئۆلتۈرمە ناخشىنىڭ سۇكۇناتىنى،
يۈرەكتە قېپقالسۇن بىرىنچى ئوقيا.

يولۇچى شامالار يەتكۈزگەن خەۋەر،
چۆل بىلەن دەريانى قىينايدۇ ھامان.
مۇھەببەت ئىچىدە ئويغىنار كېچە،
ياشاش شېئىر يېزىشتىن ئەمەستۇر ئاسان...

ئەمدى مەن ئۆزۈمگە بىر داستان يازاي،
ئايالار تېنىدىن رىزىقىمنى قازاي.
چەكسىز بولاي مەن قىيامەتكىچە
ئۇۋاپ جىسمىمنى تۇپراققا چاچاي.

2009 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# مەن شېئىر يازاي

مەن شېئىر يازاي
كۈيلەپ كۆكتىكى ئارغىماقلارنى؛
يەر تەكتىدىكى گۈلدۈرمامىنى.
ماشىنىلارنىڭ ئۇچقۇرلۇقىنى،
بىنالارنىڭ ئېگىزلىكىنى.
مۇھەببەتنى ھەمدە كىشەننى
تۈن كېچىدە يېنىمدا ياتقان
بىر ئۆمۈرلۈك ئاشۇ دۈشمەننى.
ئېتىقادنى كۈيلەي، پۇلنى ھەم
كۈيلەي ناننى، ئانا ۋەتەننى...

مەن شېئىر يازاي
تولسۇن رەڭدار گۈل - چېچەكلەرگە
ئاشىقلىقنىڭ قارا زىندانى.
تولسۇن ئاتەش ناۋالار بىلەن
ۋۇجۇدلارنىڭ تەكلىماكانى.
كۈيلەي: گۈلزار — ئايالنىڭ تېنى
قاقاس چۆلدۇر ئۇنىڭ پايانى.
مۇھەببەتتۇر تەڭرىدىن خەۋەر،
جۇدالىقتۇر ئۇنىڭ بايانى...



مەن شېئىر يازاي
تاغلار بىلەن بىللە تىك تۇرۇپ،
دەريا بىلەن بىللە ئۇلغىيىپ.
چۆللەر بىلەن چۈش كۆرۈپ بىللە،
بارخانلاردەك سۈكۈتكە تولۇپ.
ئىشىكنى ئاچاي تېنىمنىڭ،
چىقىپ كەتسۇن جېنىم شاد ـ خۇرام.
جىنازامنىڭ كەينىدىن ماڭسۇن،
هازا ئېچىپ ئون ئىككى مۇقام.

2009 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست، خوتەن



## دوزاخلارنى ساناپ تۈگەتتىم

ئەي تەلۋە شەرەنداز، ئەي قانخور شېئىر،
ئەي سۇنۇق قەدەھتە قۇترىغان دېڭىز.
ئەي يىگىنە قۇلىقىدا يوقالغان كارۋان،
ئەي ئۆلۈم ئەينىكىدە يالىڭاچلانغان قىز.

ئەي ئۆزى ئۆزىنى ئېچىلدۇرغان گۈل،
يۈرەككە سانچىلغان غەزەلخان پىچاق.
ئەي جاننى جانانغا بەرمەكچى بولغان
كىرپىكى يالقۇنغا چىلاشقان پىراق.

ئەي غالجىر مۇقاملار چۆرگىلەتكەن چۆل،
ئەي تەننىڭ ئالۋۇنى، روھنىڭ كىشەن.
ئەي سەن، ئاچ قالغانچە بولۇپ مۇقەددەس
يالىڭاچ قالغانچە يۈكسەلگەن ۋەتەن...

ئەي سەن يوق بولغانچە پارلىغان تەڭرى،
ئەي تىرىك ئادەملەر كۆرمىگەن ئۆلۈم.
يارنىڭ تېنىدىمۇ جەننەت؟... ئۇندا مەن
بارچە دوزاخلارنى ساناپ تۈگەتتىم.

2009 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# گۈل ئۈزۈش

1

قولۇڭدا شارابنىڭ يوپۇرماقلىرى،
قايسى باغ ئىچىدە بولدۇڭ شىركەيسپ؟
يۈزۈڭدە ئۈپۈقنىڭ ئوتقاش شەلپىرى،
قايسى تاڭ بەرقىڭگە چۆكتى ئۆرتىنىپ؟

كۆيلەيسەن گوياكى مەستخۇش ناخشىدەك،
كىرپىكلىڭ كەينىدىن مارايدۇ ئاسمان.
كۆزۈڭگە غەرق بولغان سانسىز كېچىلەر،
يۇلتۇزلار چاقنايدۇ تال ـ تال سەرگەردان...

2

قەلبىمنىڭ تۆرىدە قۇمۇش كەپە بار،
كەپىنىڭ ئىچىدە بار بىر غەزەلخان.
غەزەلخان قولىدا يىغلاپ بىر ساتار،
كۆيلەيدۇ، سىنىڭ ئىشقىڭنى ھامان.

ئۇ كۆيلەر قەلبىمنى ئورايدۇ گۈلگە،
گۈللەرنىڭ شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.

ئۇ بۇلبۇل مېنىڭكى ئاشىق چىمەنۇر،
چىمەنى بىر گۈل دەپ قىلساڭچۇ قوبۇل!...

3

باغلارنى يېتىلەپ كەلدى بارمىقىڭ
دۇتارنىڭ تارىدا سايراپ قۇش كەبى.
گۈللەرنى قۇچاقلاپ كۈلدى ئاۋازىڭ،
يۈرىكىم كىشنىدى ئاتتەك ئەسەبىي.

لېۋىڭدىن تۆكۈلدى كەۋسەر شارابلار،
مەست بولۇپ ئالدىڭغا يىقىلدى ئالەم.
نېچۈن بۇ مۇھەببەت شارابلىرىغا،
تولمايدۇ مېنىڭلا كۆڭۈل پىيالەم؟!

4

بار مېنىڭ قەلبىمدە بىرلا چىغىر يول،
تۇتىشار ئۇ سېنىڭ قەلبىڭگە پەقەت.
يېتەلمەي ئۆلەرمەن مەنزىلگە بەلكىم،
بۇ يولدا بىر ئۆمۈر چېكىپ رىيازەت.

دۇنيادا بىردىنبىر گۈلدۇرسەن بەلكىم،
شۇقەدەر گۈزەل ھەم شۇنچە خۇشپۇراق.
ئۈزۈلۈش ئىستىكى ئىچرە ئۆرتىنىپ
ئەزەلدىن يولۇمغا تۇرغانسەن قاراپ!...

2009 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست، خوتەن



# قولۇمنىڭ قوللىرى بارماقلىرىمدا

قولۇمنىڭ قوللىرى بارماقلىرىمدا،
تېنىمنىڭ تەنلىرى ياپراق ئىلكىدە.
ھۇۋقۇشلار ھۇۋلايدۇ مىڭ يىل كېيىنكى
ھېچنېمە قالمىغان زۇلمەت كۆزۈمدە.

تارقالدى ھەر بىر تاش، گىياھقا قەدەر
ئاسماندا تەڭرى بار دېگەن خۇش خەۋەر.
قاراڭغۇ ئىچىمدىن تۆمەن مىڭ كىشى
شۇ يورۇق ئاسمانغا قىلماقتا سەپەر.

يۈزۈمنىڭ كەينىدە يەنە بىر يۈزۈم،
قۇياشنىڭ يېگانە خانىقاسى ئۇ.
يۈگرەپ چىققىنى مەن ئەمەس، كۆڭلۈم
چۆللەرنى يىتىلەپ كەلگەندە ياھۇ...

2009 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر، خوتەن



## بۇ بىر كۈن...

بۇ بىر كۈن ئۆلتۈرمەس مېنى ھېچ كىشى،
ھېچ كىشى قۇتقۇزۇپ قالالماس بىراق.
تىرىكلەر ئۆلۈكتۇر، ئۆلۈكلەر تىرىك،
يىراقلار يېقىندۇر، يېقىنلار يىراق.

بۇ بىر كۈن سۆيگۈنىڭ ۋەدىسىمۇ يوق،
يوق يەنە ئۆزۈمدىن ئۆچ ئالغان شېئىر.
ياشىسام تەگرىنى خاپا قىلارمەن،
ئۆلسەم ھەم تۈگىمەس ئەرزىم بەربىر.

كۈلكىلەر قارىغۇ، كۆز يېشى گاچا،
بۇ بىر كۈن قاراڭغۇ، ئۇزۇن بىر خىيال.
بەلكىم تاڭ ئاتاتتى قەلبىمگە كىرىپ
زۇلمەتلىك كېيىمنى سالسا بىر ئايال...

2009 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# قۇچقىمنى بىكارلىدىم

**1**

قايرىپ سەن ناخشامنىڭ پەردىلىرىنى،
ئۈن ـ تىنىسىز ئولتۇردۇڭ قەلبىمگە كىرىپ.
بىلمەيمەن، ئۆلۈككە مەيلىڭ بارمىدۇ،
ئېرىشسەم مەن ساڭا جېنىمنى بېرىپ؟!

باشقا بىر ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكۈڭ بار،
لېكىن مەن پېشىڭنى تۇتۇۋالدىم چىڭ.
ئىككىمىز بىر دوزاخ ياندۇرساق مەيلى،
رايىم يوق سەن قۇرغان جەننەتكە مېنىڭ.

ئاخىرقى قارارىم ئايرىلىپ كېتىش،
مەن كېتىپ دۇنيادىن ياكى سەن ئۆلۈپ.
ئايرىلىش تۈپەيلى قايغۇرساڭ مەيلى،
مۇھەببەت ئىلكىدە يۈرمە ئۆكۈنۈپ.

مەن قالدىم ئۆزۈمگە پەقەت بىر چىشلەم،
تالاشما ئىت كەبى قالساڭمۇ سەن ئاچ.
يېلىنجات ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببىتىنى،
مەندىكى دۇنياغا كىرىپ يالىڭاچ.

## 2

بۇ يىنىك ھاۋانى قالدۇردۇم ساڭا،
قالدۇردۇم يەنە بۇ لەرزان قاناتنى.
قالدۇردۇم چۈشۈمدە قەبرە ئارىلاپ
ئۆلۈمگە چىلاشقان يۇمران ھاياتنى.

قالدۇردۇم مۇلايىم كېچىلەرنى ھەم،
شارابلار ئىچىدە تۇرغىن يېلىنجاپ.
ساڭا بىكارلىدىم قۇچىقىمنى، يار،
ھەر ئىككى دۇنيانى چۆرۈدۈم تاشلاپ...

چۈش كۆرەر سۇلارنىڭ ئاتەش لەۋلىرى،
ئېسىلىپ گۈلخاننىڭ ئېتەكلىرىگە.
تاش بىلمەس، ئىچىدە سادا بارمۇ ـ يوق،
چۆككەنچە قەلبىنىڭ چېچەكلىرىگە.

ئۆلۈمدەك تىزىلغان بارماقلىرىڭنى
ھەتتاكى ئەزرائىل بولالماس ساناپ.
جادۇدەك رەھىمسىز كىرپىكلىرىڭدە
كۈندۈز ھەم تۈنلەرنى تۇرىسەن چاناپ.

چېچىڭدا بارمىقىم كىشنەپ باقمىدى،
كۆكسۈڭدە چۈشلىرىم باقمىدى ئۇخلاپ.
كۆزۈمدىن كۆك بىردەم پەسلەپ باقمىدى،
يۈزۈمدىن كۈن كەتسە ئاي كەلدى يىغلاپ.

ئۇخلىسام پەرىشتە قاقشال كېچىدىن،
ئويغانسام جالدىرلاپ مەستانە مۇقام.
كۆلسەم گۈل، يىغلىسام كەلدى باياۋان،
پەقەت سەن كەلمىدىڭ كۆيلەپ شاد ـ خۇرام.

سەن شېئىر ئىچىدە يۈرۈپسەن ئويناپ،
بىلدىم، چۈش ۋە خىيال ئىكەن مۇھەببەت.
ئاھ، شېرىن ۋىسالىڭ بولاركەن نېسىپ
شۇ رەزىل قەلەمنى سۇندۇرسام پەقەت!...

2009 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# كەل، بۇ تېنىم بىر باغۇ بوستان

كەل، بۇ تېنىم بىر باغۇبوستان،
باھار كېلەر قويساڭ قۇچاقلاپ.
قۇشلار سايرار، ناخشىلار ياڭرار
يۈرىكىڭگە مۇھەببەت چىللاپ.

كەل، بۇ تېنىم قاقاس باياۋان،
ئاياغ باسساڭ ياڭرار مۇقاملار.
سۆزلەپ بېرەر سۆيگۈ قىسسىسى
مۇگدەك بېسىپ ياتقان بارخانلار.

كەل، بۇ تېنىم بىر تېرەن دەريا،
چۆمگىن ئاڭا ئاتەش پىراقتا.
شاۋقۇنلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى
ساقلاپ تۇرار سېنى قىرغاقتا.

كەل، بۇ تېنىم سۆيگۈ ئوردىسى،
تىلسىملانغان مىڭ بىر كېچىدە.
كىرگىن ئاڭا شىۋىرلاپ ئەپسۇن
ئىشىكنى ئېچىپ تېنىڭدە...

2009 ــ يىلى 11 ــ سېنتەبىر، خوتەن



# يامغۇر ياغدى كىرپىكلىرىڭدىن

يامغۇر ياغدى كىرپىكلىرىڭدىن،
بۇلۇت پەسلەپ يۈزۈڭدە تۇردى.
تىرەكلەر كەينىدىن ئاۋازىڭ كەلدى،
سۇدۇر تېنىڭ لىغىرلاپ ئاققان.
قۇمدەك چېچىلىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ
سەن ئەمەسمۇ ماڭا ئوت ياققان؟!...
ئۇھ!
دەردىڭ ماڭا يارىشىدۇ،
گۈللەر ساڭا قارىشىدۇ.
تەڭرى ئۆلۈمنى ئەۋەتىپ
سېنى مەندىن تالىشىدۇ.
شاماللار چېچىڭنى تارايمەن دەپ،
يۈزلىرىڭنى سىلايمەن دەپ
ئارقاڭدىن تۇيدۇرماي مارىشىدۇ...
جېنىم ئاز قالدى
يېتىدۇ ئۇ مۇھەببەتكىچە،
ئىشىكىڭنى ئاچمىساڭ
قەلەندەر بولىمەن قىيامەتكىچە.
تۇپراققا كۆمۈلسەممۇ
گىياھ بولۇپ ئۈنمەيمەن،

جەننەتكە كىرسەم
سەن تۇرغان دوزاخنى كۈيلەيمەن.
چېچىڭدىن بىر تال بەر
كېچىلىرىمنى قارا قىلاي،
يېشىڭدىن بىر تامچە بەر
يۈرىكىمنى يارا قىلاي.
خارابە ھاياتىمدىن
كېتەي جەستىمنى ھاپاشلاپ،
ئۆزۈڭ كۆمۈپ قوي
يۈرىكىڭگە ئاۋايلاپ.

2009 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر، خوتەن

# قاچماق بولسام خىياللىرىمدىن

قاچماق بولسام خىياللىرىمدىن
چۈش كۆرەرمەن، سۈكۈت قىلارمەن.
چۆكۈپ مۇدھىش تىنىمگە تېرەن،
خەستە جانىنى ئېلىپ چىقارمەن.

مۇھەببەتتىن كەچمەسمەن ئەسلا،
بارچە يالغان بولسا بەربىر.
قەلبىمدىكى ئاشۇ زىنداندا
تا ئۆلگىچە يازارمەن شېئىر.

گۈلنىڭ توزۇغىنىنى كۆرەرمەن يەنە،
ئوتلارنىڭ ئۆچكىنىنى كۆرەرمەن يەنە،
ئادەملەرنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرەرمەن يەنە،
بارچە يالغان بولسا، بەربىر
تا ئۆلگىچە يازارمەن شېئىر...

2009 ـ يىلى 14 ـ سېنتەبىر، خوتەن

## رەڭگىنى تونۇغىلى بولمايدىغان كېچە يوپۇرماقلىرى

رەڭگىنى تونۇغىلى بولمايدىغان كېچە يوپۇرماقلىرى
چۈشۈمدە شىلدىرلاۋاتىدۇ.
روھىمنىڭ بىپايان كەڭلىكلىرىدە
قايت! دېگەن ئاۋاز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ.
جېنىم بىر دۇنيادىن يەنە بىر دۇنياغا ئوق بولۇپ
ئېتىلىۋاتىدۇ،
تېنىم بىر دەريادىن ئاتلاپ يەنە بىر دەرياغا قېتىلىۋاتىدۇ.
ئېگىز شارقىراتمىلار تۈمەن ئاتلارنىڭ چېپىشى،
قاقىر چۆللەر ساھىبجاماللارنىڭ ئوڭدا يېتىشى،
تاغلار ئۇيقۇلۇق تۇپراقنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى،
بۇ كېچىدە ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان
ئۆزۈمدىن باشقا مەن چۈشەنمەيدىغان ھېچنېمە يوق.

2009 - يىلى 14 - سېنتەبىر، خوتەن

# ئاشىقلىقىم بىر ناخشا

ئاشىقلىقىمنى سوراڭ يوپۇرماقلاردىن
ئايدىڭ كېچىلەرگە شىۋىرلاپ تۇرغان.
سوراڭ دەريادىكى قىرغاقلاردىن
ئاتەش كۆزلىرىدە بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ تۇرغان.
هاياتىمدا بىر تال قارا چاچ
شېئىرلىرىمدا بىر سۇنۇق پىچاق.
مۇزىكا جاللات
ئېگىز جىنازا
هەر كۈنى شۇنداق...
ئاشىقلىقىم يالغۇز ئىت
ئىبلىسنىڭ سۇيىقەستلىك قارا قولى
جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارا تېمى
ئاشىقلىقىم ئون ئىككى مۇقامدىكى
ئون ئىككى چۆلنى كېزىپ يۈرگەن قەلەندەر.
قوغلاپ يۈرەر ئۇنى تاپ بېسىپ
قەبرىدىن قېچىپ چىققان ئۆلۈكلەر.
ئاشىقلىقىم بىر ناخشا
سوراڭ ئۇنى ئۆزۈم ئېيتقان ناخشىلاردىن.

2009 ـ يىلى 14 ـ سېنتەبىر، خوتەن

## بارمۇ مەن كۆڭلۈڭنىڭ خانىقاسىدا

بارمۇ مەن كۆڭلۈڭنىڭ خانىقاسىدا،
ئۇلتۇرغان بىر ساڭا قىلىپ ئىبادەت.
ئاھ تەڭرىم، ئاشۇ قىز ئەگەر سەن بولساڭ،
بۇ مېنىڭ ھاياتىم تاپار سائادەت.

كۆرسەمچۇ جامالىڭ كۆندەك نۇر چاچقان،
بىلسەمچۇ خىيالىڭ، مېنى ئويلىغان...
ئۆزۈمنى مەن ئۆزۈم باغلاپ بېرەي،
ئۆزۈمنى ئۆزۈمدە قىلاي مەن قۇربان...

يىغلىسام ياقارمۇ ساڭا بۇ ناخشا،
ئۆلسەم ھەم بۇ جېنىم ساڭا قىزىلگۈل...
بىر ئۆمۈر كۆڭلۈڭنىڭ خانىقاسىدا
قانارمىكىن، ساڭا بۇ ئاشىق كۆڭۈل؟!...

2009 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# مەن جىمجىت ئولتۇردۇم كۆزۈڭگە قاراپ

مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆزۈڭگە قاراپ،
قاراڭغۇ كېچىگە چۆمۈلدۈم قات ـ قات.
چېچىڭغا ئېسىلار سەۋدايىلاردەك،
كۆزۈڭدە چۈشلىرىم بولۇپ يالىڭاچ.

كۆزۈڭدە يەنە بىر ھەسرەتلىك ئاسمان،
يۇلتۇزلار يىغلىشار سىلىشىپ گىرە.
كۆزۈڭدە شېئىرلار قىلار قاتىللىق،
ئاھ، تىنماي مەن ئۆلۈپ تۇرغان مەنزىرە...

كۆزۈڭدە ھۇشقىيتار سارغۇچ زىمىستان،
تۆكۈلەر جېنىمنىڭ يوپۇرماقلىرى.
تۇرار، ئېھ، ئاشۇرۇپ تەشنالىقىمنى،
شىلدىرلاپ سۆيگۈڭنىڭ شوخ بۇلاقلىرى...

2009 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر، خوتەن



## يەنە بىر ناخشا

1

بۇلغىنار تەن بىلەن جانىنىڭ ئارىسى،
ساقايماس بىر ئۆمۈر سۆيگۈ يارىسى.
يالغۇزلۇق تەڭرىنىڭ قېشىدىن كېلەر،
قەبرىدە تۈگەيدۇ ئۇنىڭ چالىسى.
ئەي ماڭا بىر جانان بەرمىگەن زېمىن،
جېنىمنى قاقشاتما، ئاسىي بولۇپ مەن
بۇ قاقاس قەلبىمدىن قېچىپ كەتكۈچە،
يۈرىكىم داپ چېلىپ تۇرغان چۆلدە مەن،
قېنىم ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن سايدا مەن؛
سۆڭىكىم نەي چېلىپ يۈرگەن يايلاقتا،
يۈزىنى ئاچماقتا، توپ ـ توپ ئاياللار،
مەن شېئىر يازىمەن ئۆلۈپ كەتكۈچە...

2

مەن يارنى ئىسىمگە ئالسام شۇ ھامان،
كارىۋاتنىڭ گەۋدىسى كېتەر غىچىرلاپ.
لېۋىمدىن باشلانغان چىغىر يوللاردا
بىر دەريا چۆللەرگە ماڭار ئالدىراپ.

ۋارقىراپ ئۆلگەنلەر تۇرار زۇۋانسىز،
قىمارۋاز كوچىدا يىغلار دۇم يېتىپ.
بازارنىڭ چۇۋۇلغان ماڭلاي چېچىدا
ئولتۇرار بىر بىنا ئۆزىنى سېتىپ.
ئاخىرقى ماشىنا كېتەر توساتتىن،
سۇنار ھەم تۇيۇقسىز ئاخىرقى دۇتار.
مېنى گۈل دەردىدىن يىراق قىلىڭلار،
لەپىلدەپ كەلگۈچە يەنە بىر باھار.

3

قىزلارنىڭ قوينىدا ئۆلىمەن جەزمەن،
ئۆلىمەن ياكى مەن ئاتتىن يىقىلىپ.
ۋەياكى شېئىرنىڭ سۇيىقەستىدە
كېتىمەن ئەينەكتەك چۇل - چۇل چېقىلىپ.
كېتىش دەپ ئاتالغان كېلىشلىرىم بار،
ئۈچ بۇرجەك قەسەمدىن، يانتۇ بۇلۇڭدىن.
كىمنىلا ئۇچراتسام دەردىمنى تۆكۈپ،
پۇتۇمنى تارتىمدىم سوغۇق كۇلۇڭدىن.
بورانلار ئەڭلىمنى بايراق قىلدۇ،
چۆل مېنى قان بىلەن يۇيۇندۇردۇ.
گوياكى گۇناھكار بالىغا ئوخشاش
مۇھەببەت ئۆلۈمنى يۈكۈندۈردۇ.
لېكىن مەن ئىچمىدە بولغان يۈكۈنۈپ،
قورقىمەن ئۆلۈمدىن شۇ قەدەر دەھشەت.
قەيەردە يۈرىمەن سەرگەردان بولۇپ،
ئۆلگەندە تەڭرى گەر بەرمىسە جەننەت؟



## 4

ئاڭلاندى تېنىدىن چىقىپ، دوزاختا
ماڭغان بىر بەندىنىڭ گۈلدۈرمامىسى.
ئاڭلاندى دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە
ماڭغان بىر بەندىنىڭ مۇڭلۇق نالىسى.
سۆيگۈگە تېگىشكەن ئىككى دۇنيانى
ئاڭلاندى شاھ مەشرەپ ئوقۇغان غەزەل.
ئاڭلاندى ئايالنىڭ چاقىرغان ئۈنى،
چاقىرىپ تۇرغاندەك تۈمەن مىڭ ئەجەل...
يەنە بىر ناخشىنى ئېيتماقچى بولدۇم
تۈگەر ئۇ جىسمىمدىن تۈگىگەندە قان.
ئەگەردە شۇ ناخشا ياڭراپ تۇرمىسا،
قالار بۇ دۇنيادا نە بىر شەرەپ ـ شان؟!

2009 ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# بۇ شەھەردە ماشىنىلار ۋە...

بۇ شەھەردە ماشىنىلار ۋە
قىزىل گۈللەر سۈرىدۇ دەۋران.
رەستىلەردە سېتىلىدۇ ئاي،
كۆز يېشىدىن ياسىلار قورغان.

بۇ شەھەردە بىرمۇ ئاشىق يوق،
كەتكەن دوزاخقا ئوت قالىغلى،
قاپلىغان، ئاھ، چەكسىز زىمىستان
مەشۇقلارنىڭ قەلبىنى چۈنكى.

بۇ شەھەردە بار بىر پەرىزات،
ئۆلۈپ كەتكەن تۇغۇلماي تۇرۇپ.
ئىزدەپ ئۇنى مۇھەببەت ئۈچۈن
ماڭدىم ئۆيۈمگە شېئىر يازغىلى...

2009 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر، خوتەن

# دەرەخلەردىن تىللا ياغار

كۆز كەلسە
دەرەخلەردىن تىللا ياغار.
مۇھەببەتلىك كۆڭلۈم مېنىڭ
قايسى باغقا ئاياغ باسار؟

كىرپىكلىرى بوستان ـ بوستان
مەڭزى ئانار، رەيھان ـ رەيھان
بىر قىز كېلۇر، ئارقىسىدىن
كېلەر دەردى كارۋان ـ كارۋان...
جېنىم ئالدىغا چىقماق بولۇپ
تېنىمنىڭ ئىشىكىنى چالاقلىتار.
رەشك ئەيلەپ قىزىلگۈللەر
بىر ـ بىرىگە ئوق ئېتىشار.
كۆزۈم ئۇنى كۆرمەك بولۇپ
قاپقاراڭغۇ بولۇپ قالار.
قولۇم ئۇنى تۇتماق بولۇپ
قايغۇ بىلەن تەمبۇر چالار.
تىلىم ئۇنى چاقىرىشقا
بۇلبۇل بولار، ئاھ، بىزۇۋان.

پۈتۈم ئاڭا بارماق بولۇپ
توزۇپ كېتەر بارخان ـ بارخان...

كۆز كەلسە
دەرەخلەردىن تىللار ياغار.
مۇھەببەتلىك كۆڭلۈم مېنىڭ
يەنە، يەنە يالغۇز قالار...

2009 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# بۇ بىر ٴىسىل كۉي

بۇ بىر ٴىسىل كۉي،
ٴايرىلىش ٴالدىندىكى قايعۇ ـ نادامەت.
بۇ بىر كاتتا ٴىلھام،
بوسۇعا ٴالدىنا كەلگەن قىيامەت.

قەدەھلەر كۅتۅرۉلدۉ،
شاملار ٴۅچۉرۉلدۉ،
يۉرەكتىكى داۋاندىن ٴات تۇياقلىرىنىڭ ٴاۋازى ٴاڭلىندۉ؛
جاندىكى ٴايۋاندىن ٴەزرائىلنىڭ خورەك ٴاۋازى ٴاڭلىندۉ؛
تومۇرلاردا ٴىسسىق قانلار دۇتار چالدۉ،
بىركىم بەرمەيدۉ،
بىركىم جانىنى ٴالدۉ.

تاملار قاراپ تۇردۉ،
دىرىزىلەر ماراپ تۇردۉ.

2009 ـ يىلى 19 ـ سىنتەبىر، خوتەن



## ھەربىر ئۆلۈمدە بىردىن باھار

ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئاز قالغان،
يەر يېرىلىپ كېتىشكە ئاز قالغان،
قۇياش ئۆچۈپ كېتىشكە ئاز قالغان،
ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان...
ئۆينىڭ ئىچىدە تۆت كارىۋات
ھەربىر كارىۋاتتا بىردىن پەرىزات.
ئۆينىڭ تېشىدا تۆت تام،
ھەربىر تامدا بىردىن كائىنات.
ھەربىر يۈرەكتە بىردىن ئوت،
ھەربىر جاندا بىردىن ئوق.
ھەربىر چاچتا بىردىن قامچا،
ھەربىر تىنىقتا بىردىن ئۆلۈم،
ھەربىر ئۆلۈمدە بىردىن باھار...

2009 ـ يىلى 30 ـ سېنتەبىر، خوتەن



## سۆيۈپ ـ سۆيۈپ قانمايسەن مېنى

بارمىقىڭدا جېنىمنى ساناپ،
كىرپىكىڭدە چۈشۈمنى چاناپ؛
ئالقىنىڭدا سۆڭەكىمنى ئاقارتىپ،
پۇتلىرىڭدا پۇتۇمنى سىلاپ،
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ تويمايسەن مېنى...

ئولتۇرغاندا بىز ئىككى تاغدەك
ئارىمىزدا يامغۇر بىزۇۋان.
ياتقان چاغدا بىز ئىككى چۆلدەك
ئارىمىزدا سەۋدايى بوران.
ئاققاندا بىز ئىككى دەريادەك
يىراقلاردا يىغلايدۇ دېڭىز.
بىز ئايرىلساق ئىككى دۇنيادەك
گوياكى ھەم جەننەت، دوزاختەك.
قالسا ھىجران قىيامەتكىچە
ئاھ...
كەل ئەزىزىم، قىيامەت ئۈچۈن
تەنلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە تاپشۇرايلى بىز!

2009 ـ يىلى 9 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# غۇۋا ئېچىلغان ئەتىرگۈل

بۇ دۇنيادىن ھېچكىم تىرىك كەتمىدى،
بىر جەسەتتىن باشقا ھېچنېمىنى ئېلىپ كەتمىدى،
كۆيۈشكەنلەر ئىشىق ئوتىدىن ياندۇردى دوزاخ،
سۆيۈشكەنلەر لەۋلىرى بىلەن بىنا قىلدى باغ.
تەنلىرىدە مۇھەببەتنى قىلىپ دەپسەندە،
پەيدا قىلدى پاراغەتلىك جەننەتنى...
قۇتۇلۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن
قەلب تۈرمىسىنىڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان
تاملىرىدىن.
ناخشىلاردىكى چۆللەردىن، شېئىرلاردىكى تېنى يوق
ئاياللاردىن،
ياۋۇز ماشىنىلاردىن، قاتىل ئېينەكلەردىن.
مەن شۇڭا سۆزلەرنى يىغلىتىمەن،
مەن شۇڭا ...

2009 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

## شەنبە كەچ ئۆيدە

ئوڭغا ئۆرۈلسەم چېچەكلەيدۇ تام،
سولغا ئۆرۈلسەم يىغلايدۇ كارىۋات.
يالىڭاچ تېنىمنى سىلايدۇ يوتقان،
قەرزگە بوغۇپ كۆڭلۈمنى قات ـ قات.

كۈتىمەن ئىشىكنىڭ چېكىلىشىنى،
كۈتىمەن، ئەينەكنى چېقىپ كىرسە قىز...
بېشىمدا كۆتۈرىمەن تاغ ـ دالالارنى،
ياستۇقتا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ دېڭىز.

خىيالغا پاتىدۇ يۇلغۇن كۆتىكى،
چېچىلىپ كېتىدۇ چۆلنىڭ كىرپىكى.
يۇلتۇزلار ئۆمۈلەر قورسىقىمدا، ئىھ...
ياغىدۇ سىمىلداپ باھار يامغۇرى.

ئۆلۈكلەر تىرىكتۇر كۆزۈمنى يۇمسام،
تاماكا تۈگەيدۇ ھەسرەتتىن بۇرۇن.
تولغىنىپ كېلىدۇ قاپقارا چاچلار
يىلاندەك مۇقەددەس، قىسسىدەك ئۇزۇن.

ئاخىرى يوق چۈشىنىك، قىزىنىك، شېئىرنىك،
تار ئۈزۈلسە توختايدۇ دۇتار.
بۇلبۇل سايرايدۇ شەنبە كەچ ئۆيدە،
قىزىلگۈل شېخىدا يوق زەررە باھار.

2009 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



## كېلەر يولۇڭ قايدىدۇر؟!...

كۆزلىرىڭگە چۆكمىسەم
يۇلتۇز بولۇپ يانالمايمەن.
لېۋىڭدىن گۈل ئۈزمىسەم
شارابقا قانالمايمەن.
چۈشلىرىمگە كىرمىسەڭ
مەن يالغۇز ياتالمايمەن.
ئاينىڭ بالىسى يۇلتۇز
كۈننىڭ بالىسى يالغۇز
كۆڭلۈمدىن قېچىپ كەتمە،
ئىزدىسەم تاپالمايمەن.

بىر جېنىمنى مىڭ قىلىپ
ھەممىسىنى بېرەي ساڭا.

چېچىڭدىكى ھارۋىكەش بولاي،
كىرپىكىڭدىكى كارۋان بولاي،
كۆزۈڭدىكى ئارمان بولاي،
بارماقلىرىڭنى ئويناپ
تىرناقلىرىڭ ئاستىدا توختاپ.
يۈرىكىڭنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ،
جېنىڭنى قىزىلگۈلدەك ئېچىلدۇراي.

ئاي بىلەن قۇياشتەك
ئاسمانغا بىللە چىقايلى.
گۈل بىلەن بۇلبۇلدەك
داستانغا بىللە چىقايلى.
سەن بول
مەشۇقلارنىڭ سەمەندەرى،
مەن بولاي
ئاشىقلارنىڭ قەلەندەرى،
بىزنىڭ گۈزەل ناۋالىرىمىزغا
تولسۇن ئىشق دەپتىرى...

ئېھ!
كېلەر يولۇڭ قايدىدۇر؟!...

2009 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# سۆيگۈ ئېتىزىدا بىللە ئىشلەيلى

سۆيگۈ ئېتىزىدا بىللە ئىشلەيلى،
بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ
جەننەتكە بىللە كىرەيلى.

كۆچۈپ تۇرايلى تاغدىن ـ تاغقا،
ئىسىم قويايلى يوپۇرماقلارغا،
دەريالاردا ئېقىپ
چىقايلى گۈزەل قىرغاقلارغا.

يولۇچى شاماللار تۇتۇۋالمىسۇن،
ماشىنىلاردىن تېز يۈگرەيلى.
قۇياش كۆرمەي قالمىسۇن
بىنالارنى ئۆرۈۋېتەيلى.

ناخشىلارنى يىغلىتايلى،
چۆللەرنى چۆرگىلىتەيلى،
ۋاقىتنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ
خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېتەيلى.

2009 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# تېپىۋالار قايسى قىز مېنى

تېپىۋالار قايسى قىز مېنى
تەنھالىقىنىڭ خارابىسىدىن؟

قاقشال تېنىم چۆللەردە توغراق،
ئاتەش يامغۇر ياغار توختىماي.
جىن ـ ئەرۋاھلار يازغان كىتابتا،
يىغلاپ چىقتىم ئۇن كۈن ئۇخلىماي.
يۈرىكىمنىڭ بىر قانىتى سۇ،
بىر قانىتى دوزاختىكى ئوت.
قۇياش چوغقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن
دەيدۇ: مېنى ئۇنتۇغىن، ئۇنۇت!...
يىغلاۋەرسەم مۇھەببەت ئۈچۈن
قىزىلگۈلدەك ئېچىلارمۇ يار؟
شېئىر يازسام بەلكىم ئۆلگۈچە
كېپىنىمدە گۈللەيدۇ باھار!...

2009 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



# يارىمنىڭ چاچلىرى...

يارىمنىڭ چاچلىرى يېيىلسا تۈندەك،
سەرگەرداﻥ چۈشلىرىم يىغلاپ كېتىدۇ.
چېچىنى سىلىغان بارماقلىرىمدىن
تۈمەنمىڭ ئارغىماق كىشنەپ ئۆتىدۇ.

قۇياشنىڭ ئوردىسى يارىمنىڭ يۈزى،
قاشلىرى ھىلال ئاي، كىرپىكى ئورمان.
پۈتلىرى دەريادەك ئاقار شىلدىرلاپ،
كۆزىدە چاقنايدۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان.

كەۋسەر ـ شارابلار قاينىغان، تاشقان،
يارىمنىڭ لەۋلىرى ئىشىق جامىدۇر.
مەستلىكتە گۈللەرگە سالىمەن گىرە،
بولۇپ مەن گويا بىر تەلۋە شارابخور.

يارىمنىڭ تېنىدە ئۇخلايدۇ چۆللەر،
بارخانلار سۈكۈتتە كۈتەر دېڭىزنى.
خىيالىم قەلەندەر بولۇپ كېتىدۇ،
كۈتۈپ شۇ دېڭىزغا كەتكەن بىر قىزنى...

2009 ـ يىلى 20 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# شارابلار مەست بولار سۆيگەندە سېنى

شارابلار مەست بولار سۆيگەندە سېنى،
يالقۇنلار غەرق بولار يالقۇن ئىچىگە.
يۈرىكىم لاۋۇلداپ يانار گۈلخاندەك،
يورۇقلۇق تارقىتىپ جىمجىت كېچىگە.

كۆزۈڭگە قارىسام كۆزلىرىم مەجنۇن،
قولۇڭنى تۇتقاندا قوللىرىم ياپراق.
تېنىڭنى سىلىسام كۆڭلۈم سەرگەردان،
ياڭرار، ئېھ، ئىچىڭدىن غايىب قوڭغۇراق.

تېنىمنىڭ ئاداشقان كارۋان بېشىسەن،
قېنىمدا ياڭرىغان سەۋدايى غەزەل.
يۇلتۇزلۇق چۈشۈمنىڭ مىڭ بىر كېچىسى،
جېنىمدا كۆكلىگەن مەڭگۈلۈك ئەجەل.

خوش! دېگەن ئاۋازىڭ قەلبىڭدە قالسۇن،
ئايرىلغان قەدەملەر كىرەر قەبرىگە.
كەل، جېنىم، يەنە بىر سۆيۈشەيلى بىز،
كىم چىدار بۇ قەدەر ئۇزاق سەبرىگە؟!...

2009 ـ يىلى 20 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

## ئاخىرقى قەدەھنى كۆتۈرەيلى بىز

ئاخىرقى قەدەھنى كۆتۈرەيلى بىز،
مەيلى ئۇ زەھەردۇر ۋە ياكى شاراب.
مۇھەببەت ۋەسلىدىن قىيىندۇر كەچمەك،
ئېرىشىش ۋە لېكىن ئوخشاشلا ئازاب.

سۆيەيلى ھاياتنى قىزغىن شۇ قەدەر،
ئاداققى ۋىسالغا باغلاپ ئىشتىياق.
سۆيەيلى ئۆلۈمنى، تاشلاشقا چۆرۈپ
جۇدالىق ۋە ھىجران دەملىرىن يىراق.

كېتەيلى خوش دېمەي ئۈنسىز، بىزۋۇۋان،
پاتايلى سۇكۇتكە تېخىمۇ تېرەن.
چۈش كەبى بۇ غىل ـ پال سۆيگۈگە بەلكىم
ناخشا ۋە ئەسلىمە بىردىنبىر ۋەتەن.

2009 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



# تېنىمدىن تېنىمگە ئاقار بىر دەريا

تېنىمدىن تېنىمگە ئاقار بىر دەريا،
شاماللار ئوينايدۇ سۇمبۇل چېچىمنى.
مەن ئېيتقان بۇ ياڭراق ناخشىلار چوقۇم
ئوغرىلاپ كېلىدۇ سىنىڭ كۆڭلۈڭنى.

كۆڭلۈڭ بىر ئەينەكتۇر سۈزۈك ئاسماندەك،
مەن ئۇندا ئۆزۈمنى كۆرىمەن بەلكىم.
مېنىڭدەك قۇچاقلاپ ئىككى دۇنيانى
ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرالماس ھېچكىم.

ئەينەكتە چىرماشقان چۈش ۋە رېئاللىق،
سۆيۈشۈپ تۇرىمىز شۇنچە ئەسەبىي.
لەۋلىرىم لېۋىڭدە ئاقار ئۆركەشلەپ،
قوللىرىڭ يەلكەمدە ئەتىرگۈل كەبى...

2009 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



# شېئىرلىرىم...

ئاسمانىمكىن قاناتلار قاققان،
كۆزلىرىمگە ئۈمىدلىك باققان؟
يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلىشىدەك
دەردلىرىمنى ئالەمگە چاچقان؟!

تۇپراقىمكىن باغرىغا تارتىپ
يۇتماق بولغان ئارمانلىرىمنى؟
سۆيۈپ ئۆتسە ئەركىلەپ شامال
ئۈنتۈلدۈرغان پىغانلىرىمنى؟!

يول بويىدا ياتقان تاشمىكىن
باغرى يۇمشاق، قىسمىتى قاتتىق؟
كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشمىكىن
سۈزۈك ھەمدە زەھەردەك ئاچچىق؟!

تىرىقلىتىپ كۆزنەكلىرىمنى
تۈن كېچىدە ئاققاندا يۇلتۇز،
يىغلاۋاتقان مىسكىن روھىمكىن
قايىقارائىغۇ قەلبىمدە يالغۇز؟!...

2009 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

## يۇر، ئامرىقىم، كېتەيلى يىراق

بىزنىڭ ئەمەس پىتىۋاتقان كۈن
ۋە كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇز.
بىزنىڭ ئەمەس يىغلاۋاتقان ئاي
ئەرشتىكى ئەرۋاھتەك يالغۇز...
بىزنىڭ پەقەت قەلبىمىزدىكى
ھېچكىم ئاياغ باسمىغان زېمىن.
بىزنىڭ پەقەت ئۆزىمىز ئېيتقان
ناخشىدىكى زۇمرەتتەك ئېقىن.
بىزنىڭ پەقەت سۆيۈشكەن چاغدا
ئىككىمىزلا قالغان شۇ دۇنيا.
قۇرۇپ كەتكەن چەكسىز تەبىئەت
سۆيۈشۈۋاتقان ئىككى لەۋ ئارا...

يۇر، ئامرىقىم، كېتەيلى يىراق،
كېتەيلى بىز ئەبەدىي شۇنداق.
ناخشا ئېيتىپ ماڭسۇن كۆڭۈللەر،
تەننىڭ چىغىر يولىنى بويلاپ.
سۆيگۈ ئىچرە بولايلى بىھوش،
ماڭايلى بىز ئۇندا تا ئەبەد.



ئارقىمىزدا قالسۇن قەبرىلەر
ۋە بىز ئۇزاق كۈتكەن كېلەچەك...

يۈر، ئامرىقىم، كېتەيلى يىراق،
كېتەيلى بىز ئەبەدى شۇنداق!

2009 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



# يالغان...

شېرىن ئەمەس ھېچبىر شاراب ئۆلۈۋاتقاندەك،
قەسەملەردەك قاتتىق ئەمەس تاشلار ھېچقاچان.
جېنىمنى ئال رەھىم قىلساڭ، ئەي پادىشاھىم،
شەمشىرىنى كۆكسۈم ئۆزرە ئويناتسۇن جاللات،
يەتسۇن ئىشقىم مۇرادىغا قان ئىچرە چەندان.
ئاڭلىماقچى بولساڭ كىرگىن تاشنىڭ ئىچىگە،
ئاۋازىمنىڭ سۈكۈتلىرى تۇرار ۋارقىراپ.
چېچۋەتكىن بويسۇنمىغان قىزىل قېنىمنى،
گۈگۈمدىكى شەپەق كەبى تۇرسۇن يالتىراپ.
يېرىپ ئالغىن مىليونلىغان خەنجەر پىچاقتا
يۈرىكىمدىن ساڭا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈنى.
يالغان
ئۆلۈۋېرىپ تۈگىمىگەن ئاشۇ بىر تال جان.

2009 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



# ئۇ كىمنىڭدۇ سۆيۈشۈۋاتقان ھۇجرىسى

ئۇ كىمنىڭدۇ سۆيۈشۈۋاتقان ھۇجرىسى،
ئۇ كىمنىڭدۇ كۆڭلىدىكى سۇرىتىم؟
ئۇ كىمنىڭدۇ قاپقاراڭغۇ كۆكسىدە
سوقۇۋاتقان دەرد ـ ھەسرەتلىك يۈرىكىم؟
ئۆلۈۋېتىپ ئېيتقان ناخشا ئۇ
قەبرىدىكى شادىيانە دۇتار ناۋاسى.
كېتىۋاتقان يالغۇز ئىت ئۇ قارلىق كوچىدا
مۇھەببەتنىڭ مۇددىتى يوق جازاسى.
ئۇ
جاراھەت ھەم يارىلاردا يامالغان بەدەن،
ئارقاڭغا قايت! دەپ ئالدىغا يۈگۈرگەن سادا.
ئاياللارنىڭ تېنىدىكى شوخ غۇنچە
ئېچىلار ئۇ يىغلىغانچە يالغۇزلۇق ئارا.

كىمدۇ ئېيتار ئۇ سىنىڭكى شېئىرلىرىڭ دەپ
ئۇخلاپ قالغان قانلىرىنى ئالقانغا ئېلىپ،
چىرىپ كەتكەن سۆڭىكىنى ئاقارتىپ...

2009 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



## سېنىڭ قېشىڭغا كېتىۋاتىمەن

تېرىكمىنى سولاپ قويۇپ ئۆيۈمگە،
ئۆلۈكۈمنى تاشلاپ قويۇپ رەستىگە؛
گۆشلىرىمدە قاۋاۋاتقان ئىتنى يېتىلەپ،
چۈشلىرىمنى ئالدىرىتىپ كېچە ـ كېچىلەپ.
قاتار ـ قاتار بارمىقىمنى ئارىلاپ،
كىرپىكىمنىڭ ئارقىسىدىن مارىلاپ،
يىپقا تىزىپ تېنىم بىلەن جېنىمنى،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ قېنىمنى
سېنىڭ قېشىڭغا كېتىۋاتىمەن!...

2009 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن





## ھەر تەرەپتىن كېلسەن

سەنمۇ دەيمەن دەريادىكى ئاققان سۇ،
ناخشا ئېيتسا ئىككى ياقتا شوخ قىرغاق.
ياتقان بولساڭ قىيپالىڭاچ چۆلمۇ سەن،
چۆشلىرىڭمۇ جىرىڭلىغان قوڭغۇراق؟
لەيلەپ چېھرىڭ مۇزىكىنىڭ ئەۋجىدە،
يىغلاپ ـ يىغلاپ قۇرۇپ كېتەر ئاخىرى.
نويابىرنىڭ قىلىچلىرى ئاستىدا
ھالاك بولغان تېرەكلەردەك كۈنسېرى.
ئېيپ كېتەلمەس ئۆلۈمنى ھېچ كىشى،
ئېلىپ كېتەر ئۆلۈم ئاخىر ھەممىنى.
قاقىلدىغان قارا ـ قارا قاغىلار
بەش يۈز يىللىق غايە، شېئىر ۋە سەنئەت.
سۇندۇكلاردەك ئېگىز ئۇچۇپ ـ پەس ئۇچۇپ،
ئىللىق كۆكلەم يامغۇرىدەك بىغۇبار
ھاياتلىقنى قۇچاقلىغان تەبىئەت...
سەن ئاشۇنداق ھەر تەرەپتىن كېلسەن
ھاۋا ئوچۇق ياكى تۇتۇق بولغاندا،
قەلبىم شادلىق ياكى دەردكە تولغاندا...

2009 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن



# گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت بولسامۇ

گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت بولسامۇ
شاماللارغا بەرمەيمەن زەرەر.
ئۈيان ـ بۇيان مېڭىشلىرىمدا
چەيلىمەيمەن يىنىك ھاۋانى.
دەريالارنىڭ ئۈستىدە توختاپ
سۈزۈك سۇلارغا قىلىمەن تازىم.
بولسام ئەگەر يامغۇر ياغدۇرماق
سۈندۇكلاردىن بېرىمەن خەۋەر.
گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت بولسامۇ،
دەھشەت بىلەن چاقماق چاقسامۇ،
تاماكامغا ئوت يېقىۋېلىپلا
بەند بولىمەن ئۆز خىيالىمغا...

2009 ـ يىلى 31 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

## كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىنىڭ يېنىدا

كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىنىڭ يېنىدا
قەلبىمنىڭ شەرق ياكى غەربىي قوۋۇقىدا
تېنىمنىڭ جېنىم بىلەن كېسىشكەن مېرىدىيان سىزىقىدا
ئۆمرۈمنىڭ كۈنچىقىش ياكى كۈنپېتىش ئۇپۇقىدا
شىمالىي قۇتۇپتا، ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقىدا
مۇز ئوكيانىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىدا
ناخشا ئېيتىۋاتقان خۇمارلىق جانان!...

2009 ـ يىلى 2 ـ نويابىر، خوتەن

## بېكەتكە گېپىم يوق

ئاپتوبۇسلارغا گېپىم يوق،
كەتسە يەنە قايتىپ كېلەر.

يولۇچىلارغا گېپىم يوق،
كەتسە كېلەر ياكى كەلمەس.

شوپۇرلارغا گېپىم يوق،
ئېلىپ كېلەر كەتكەنلەرنىڭ ئورنىغا.

بېكەتكە گېپىم يوق،
مېنىڭ يارىم
كەتمەيدىغان، كەلمەيدىغان قىز!...

2009 ـ يىلى 2 ـ نويابىر، خوتەن



## تۈن باللىرى

يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكلىرىدىن ئېقىپ چۈشتۈڭلارمۇ؟
ئاينىڭ قاراڭغۇ ئوردىسىدىن قېچىپ چىقتىڭلارمۇ؟
قارا باسقان چۈشلەردە ئويۇن ئويناپ،
قورققاق جىننىڭ باللىرىدەك تولۇلاپ
ئەسكى تامنىڭ كامىرىدىن نېرى تۇرۇڭلار...
بىردەم ئولتۇرۇڭلار
تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان قاپقارا چاچلار،
بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ جۇدالىق ناخشىسى
ئېيتىۋاتقان تاملار.
ئاھ، خۇدا...
مەن بىر يېگانە ئاسمان
ئاستىنقى ياكى ئۈستۈنكى قەۋەتلىرى يوق،
چېكى ياكى چەكسىزلىكى يوق،
كۆز كۆرگۈسىز، ھېس قىلغۇسىز، تەسۋىرلىگۈسىز
تەبىئەت مېنى ئۇنتۇپ قالغان...
بىردەم يېنىمدا ئولتۇرۇڭلار
مەندە سىلەر يايلايدىغان زۇلمەت يوق،
سىلەر قورقىدىغان قۇياش يوق.
بىراق
مەڭگۈ ئاتىدىغان تاڭ بار...

2009 ـ يىلى 2 ـ نويابىر، خوتەن

# كونا دۇنيا

كونا شارابلار كۈنسېرى كۈچلۈك،
كونا كىتابلار كۈنسېرى قىممەت.
كونا ئىدىيەلەر كۈنسېرى مۇقەددەس،
كونا ھېكايىلەر كۈنسېرى يېڭى...

2009 ـ يىلى 3 ـ نويابىر. خوتەن





## لەۋلىرىمىز ئىچكەندە شاراب

لەۋلىرىمىز ئىچكەندە شاراب،
تەنلىرىمىز چىچەكلىگەندە.
قوللىرىمىز بولغاندا مەجنۇن،
پۇتلىرىمىز كېكەچلىگەندە...
تۈگىگەندە ماڭىدىغان يول،
قۇرىغاندا دىلدىكى لالە.
توختىغاندا ئۆلۈشتىن تامام،
كۆرۈنگەندە يوق بولغان تەگرى،
سورىمايلى بىر - بىرىمىزدىن
ئىسمىڭ نېمە دەپ!...

2009 - يىلى 3 - نويابىر، خوتەن



# كۆتۈرۈلدى قەدەھلەر ئېگىز

تورۇستىكى قاپقارا چاچلار
تاملاردىكى قاپقارا كۆزلەر
كارىۋاتتىكى قاپقارا چۈشلەر
يۈرەكتىكى غېرىب جىنازا
قەلبتىكى ئەنسىز قەبرىستان...

ئاسمان قەيەردە؟
قانات قاققان قايسى پەرىشتە؟!

2009 ـ يىلى 4 ـ نويابىر، خوتەن



# كۆتۈرۈلدى ئەسەبىي ئارمان

دەريادا سۇ تاراۋېتىپ چاچ
چۆللەردە قۇم ئىچۇۋېتىپ مەي؛
تاشلار سايدا يېرىم يالىڭاچ
چۈشۈپ كەتتى ئۇسسۇلغا ھەي، ھەي...
خازانلاردەك يېنىك ۋە لەرزان
كىيىمنى سالدى ھاياجان.
ئۆلگىنىنى بىلمىدى ھېچكىم،
چىلك قۇچاقلاپ ئۆلگەن تىنىنى،
بولدى ھەممە جەننەتكە راۋان.
قانات قاققان ئاسمانلارمۇ بار،
تەمبۇر چالغان تەكلىماكان.
ئىككىمىز نىڭ مۇھەببىتىدىن
كۆتۈرۈلدى ئەسەبىي ئارمان...

2009 ـ يىلى 4 ـ نويابىر، خوتەن

## مۇھەببەت تۆگەيدۇ قۇياش چىققاندا

سورىما، سورىما مەيلىڭ بارمۇ دەپ،
بۇ باغدا نە بۇلبۇل، نە بىر قىزىلگۈل؟!...
مۇھەببەت تۆگەيدۇ قۇياش چىققاندا،
قايقارا زۇلمەتكە پۈركىنىپ كۆڭۈل.

سورىما، قەلبىمدە ئۆلۈپ كەتكەن كىم؟
بۇ ئارال ئادەمسىز، مىڭ يىلدىن بېرى...
گۈللەردەك تىنىمسىز تۇرىدۇ تۈزۈپ،
سۆكۈنات ئىچىدە سۆيگۈنىڭ سىرى.

2009 ـ يىلى 5 ـ نويابىر، خوتەن



# كەچ كۈز

دەريالاردىن توختىدى ناخشا،
يوپۇرماقلار تۆكۈلەر لەپ ـ لەپ.
مۇز تۇتماقتا كۆز ياشلىرىمۇ،
غۇۋالاشتى ئاسمان ئېگىزلەپ.
مەجنۇن بولدى سوغۇق دالىدا
يالغۇز دەرەخ  ئۆزىگە سۆزلەپ.
بۇ قايغۇلۇق سۈكۈتنى بۇزۇپ،
ۋارقىرىدىم يار سېنى ئەسلەپ!...

2009 ـ يىلى 5 ـ نويابىر، خوتەن

# سوغۇق ئايلار

ئۆيۈمدە ئاسمان يوق، نۇر چاچماس قۇياش
تالاغا چىقسامىلا ھايات ئالدىراش.
تېرەكنىڭ شاخلىرى ئىغاڭلار مەيۈس
قاراڭغۇ كۆكۈملار ياقماس ھەم ئوتقاش.
جېنىمنى بەرگۈدەك يارىم يوق مېنىڭ
ئايالىلار تېنىنى كېزەرمەن پات ـ پات.
جاراھەت قاپلىغان ناخشىلىرىمدا
ئۆزەر مەست كېمىدەك يەر ۋە كائىنات.
بۆگۈنمۇ قورقۇشتىن بولمىدىم يىراق
يولنىڭ ئوڭ چېتىدىن ماڭدىم ئاۋايلاپ.
ئاھ، ھەر بىر ماشىنا چاقىدا لېكىن
تۇرماقتا ئۆلۈمىم تەلمۈرۈپ ماڭا...

2009 ـ يىلى 6 ـ نويابىر، خوتەن

# بولسام ئىدىم كاشكى بىر كىشى

بولسام ئىدىم كاشكى بىر كىشى
تونىمسا مېنى ھېچ كىشى.
بولسام ئىدىم جۇل ـ جۇل قەلەندەر
ئۆزۈم يازغان شېئىرلاردىكى.
يۇلتۇزلارنىڭ مۇڭلۇق كۆزىدىن
ئاقسام ئىدىم ياشتەك تامچىلاپ.
ئاي ئاسماندا چەككەندە پەرياد
تۇرسام ئۇنىڭ ھالىغا يىغلاپ.
سالسام مەنمۇ كىيىملىرىمنى
توزۇپ كەتكەن گۈللەرگە قاراپ...

2009 ـ يىلى 6 ـ نويابىر، خوتەن

# قالدۇرماسمەن ھېچنېمە

جېنىم مېنىڭ شۇنچە ئالدىرار
تەنتەنىلىك ئۆلۈپ كېتىشكە.
قەلبىم مېنىڭ شۇنچە ئىنتىزار
كەلمەيدىغان يارنى كۈتۈشكە.
ئۆلۈمىمنى قىلماسمەن نىسى
ھاياتىمنى ئالداپ ھېچقاچان.
قالدۇرماسمەن مەنمۇ ھېچنېمە
تۈگمەندە بۇ ئۇزۇن جاھان.

2009 - يىلى 6 - نويابىر، خوتەن

# مەڭگۈلۈككە كېتىۋاتقاندا

سۆڭەكلەرنىڭ قۇملۇقلىرىدا
داۋاملىشار قەدىم زامانلار.
ئوت كەينىدە كۆرۈنەر سۇدەك
ئۈپۈقتىكى غۇۋا كارۋانلار.
ئىلھام كېلەر ھەردەم پەلەكتىن
ۋەھى ئوخشاش پىنھان ۋە يورۇق.
داۋام قىلار ئۆلۈمنى ئەبەد
يۈرەكتىكى بىر تال غايىب ئوق.
ئەڭ زۇلمەتتۇر دىلدىكى قەبرە
ئىشق يەنە قۇللۇقتىن تامغا.
پەقەت تەگرى ئەرشتە تۇرار
مەڭگۈلۈكنى تولدۇرۇپ جامغا.

2009 ـ يىلى 9 ـ نويابىر، خوتەن

# سۆيۈۋەردىم سېنى سەۋەبسىز

گاھى كۈلۈپ، گاھدا يىغلاپ
گاھى جىمجىت، گاھى ئەسەبى.
سۆيۈۋەردىم سېنى سەۋەبسىز
ئىزاھاتسىز قەبرىلەر كەبى.
بوران چىقار توختىسا يامغۇر
نالە قىلار تاشلار ئىچىدە.
كۆرۈنسەن گاھى يالىڭاچ
قەلبىمدىكى يېرىم كېچىدە.
قارا، جېنىم قالدى بىر چىشلەم
يەنە ئۆلۈپ توختىماسمەن ھېچ.
ھەرسىيەدەك ياتار كېپەنسىز
كۆكسۈمدىكى مۇھەببەت تىنچ...

2009 ـ يىلى 9 ـ نويابىر، خوتەن

# تۇنجى خوتۇنۇمغا ئاتالغان...

يېنىمدىن تۇرمىدىڭ، باشقا جايدىن
سۆگەكلىرىمنى تېرىپ ئەكەلدىڭ سايدىن
نېمانچە تۇگىمەس جازا مۇددىتى
مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاشقان مىللىتى
فابرىكا تاراقلاپ تۇمەن ئاتلاردەك
ئىككىمىز سۆيۈشكەن ئاخىرقى ئايدىڭ
چۈشۈمدە يوردى يەنە بىر قېتىم

تىللا ئۈزۈكلەر بارماقسىز قالدى
سۇمبۇل چاچلار تارغاقسىز قالدى
ئۆلۈپ تۈگىسەم، بىر بولسام كاشكى
ئۆلۈم سائىتى توختاپ قالدى.
سېنى ياراتقان تەڭرى بىلەن
مېنى ياراتقان تەڭرى بىر بولسا
ئۇچرىشارمىز قىيامەت كۈنى...

2009 ـ يىلى 10 ـ نويابىر، خوتەن

# خەير ـ خوش...

خەير خوش كۆكتىكى يېگانە قۇياش
خەير خوش ماكانسىز سەرگەردان شامال.
خەير خوش باھارغا ئالدانغان دەرەخ
خەير خوش تېنىگە پاتمىغان ئايال.
خەير خوش ئۆلۈمنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى
خەير خوش قەبرىستان ئۈستىدىكى ئاي.
خەير خوش سۆيگۈنىڭ شېرىن ۋەدىسى
ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ يولۇمغا ماڭاي!...

2009 ـ يىلى 11 ـ نويابىر، خوتەن

# بولۇپ قالسام يېشىل يوپۇرماق

بولۇپ قالسام يېشىل يوپۇرماق
بولغۇم كېلەر بەلكىم بىر قۇچقاچ.
قۇچقاچ بولسام بولغۇم كېلەر ھەم
مامۇق بۇلۇت ۋە ياكى قۇياش.
قۇياش بولسام ھەر كۈنى كەچتە
بولغۇم كېلەر ئاپپاق تۇلۇنئاي...
نادامەتتە كېتەرمەن ئاخىر
بۇ دۇنيادىن ئارمانغا قانماي.

2009 ـ يىلى 11 ـ نويابىر. خوتەن





## ۋاقتسىز توزۇغان گۈللەرگە قاراپ

قاپلىدى قەلبىمنى بىر شېرىن ھىجران،
ۋاقتسىز توزۇغان گۈللەرگە قاراپ.
مەست بولدۇم، جىسمىمنى سالدى لەرزىگە
بۇ ئەڭ پاك، ئەڭ مۇدھىش، ئەڭ چوڭقۇر ئازاب!

2009 ـ يىلى 11 ـ نويابىر، خوتەن



## ناخشا ئىزدەپ چىقسام تالاغا

ناخشا ئىزدەپ چىقسام تالاغا
شامالLARنىڭ غەزەللىرى بار.
شىلدىرلىشىپ يوپۇرماقلار ھەم
تەڭكەش قىلىپ ئاقار شوخ سۇلار.
ئاسمان پەسلەپ بېشىمغا تېگەر
يۇلتۇزلىرى يۈزۈمنى سۆيەر.
قەيەردىدۇ يىغلار بىر كىشى
قەيەردىدۇ بىر كىشى كۈلەر.
بىر كىم چىقار ئوتتىن يالڭاچ
سۇ ئوغرىلار دەريادىن بىر كىم.
كېتەر بىر كىم پېشىنى قېقىپ
كېلەر يەنە دۇنياغا بىر كىم...
گەرچە كۆكسۈم بولسىمۇ قەپەز،
ھاياجاندا سوقار بۇ يۈرەك.
شاد ناۋالار ياڭرىتار قەلبىم
قەبرىستانىنىڭ تەمبۇرچىسىدەك.

2009 ـ يىلى 11 ـ نويابىر، خوتەن

# كۆزلىرىمنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە

كۆزلىرىمنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە
ئۆتۈپ كەتتى تالاي قەبرىستان.
يېشىل قۇشلار ئۇچتى لەپىلدەپ
قول ئۇزىتىپ قالدى زىمىستان.
قانچە باھار يارغا تەسەددۇق
قانچە گۈلدىن ئۈزىدى باھار.
قانچە كېچە تاڭلاردىن يورۇق،
قانچە كۈندۈز زۇلمەت، بىغۇبار.
سۈكۈت قىلدىم تاغلاردىن قاتتىق
سۆيۈپ قويدى بۇلۇتلار پەسلەپ.
چىلىق - چىلىق يامغۇر ئىچىدە
قۇرۇپ كەتتىم يار سېنى ئەسلەپ...

2009 - يىلى 24 - نويابىر، خوتەن

# يول بويىدىكى ئىككى تېرەك

يول بويىدىكى ئىككى تېرەك
بىرى ئوغرى، بىرى قىمارۋاز.
ئەركىلىسە شامالغا بىرى
بىرى كۆكتىن يۇلتۇز ئوغرىلار.

قول ئېلىشار شاخلىرى
پىچىرلىشار يوپۇرماقلىرى

قاقىلدىسا بىر دە قاغا
يەنە بىرى سۇكۇت ئىچىدە
قۇلاق ياقار ناخشا ـ ناۋاغا

ئۇلار بىللە بوران چىققاندا
ئۇلار بىللە چاقماق چاققاندا
ئۇلار بىللە يامغۇر ياغقاندا
تاكى زېمىن قۇرۇپ كەتكۈچە
ماڭار يەنە بىللە ئاسمانغا...

2009 ـ يىلى 25 ـ نويابىر، خوتەن



# بۇ شېئىرنىڭ ئۆلۈم يولىدا

بۇ شېئىرنىڭ ئۆلۈم يولىدا
كىممۇ ماڭار مېنىڭدىن بۆلەك؟
بۇ ناخشىنىڭ جاھالىتىدە
كىممۇ ماڭا بېغىشلار يۈرەك؟
بۇ ئاسمانىنىڭ ئېگىزلىكىگە
كىممۇ چىقار مەن بىلەن بىللە؟
بۇ تۇپراقنىڭ قاتتىقلىقىنى
كىم ئۇ ماڭا قىلغان بەخشەندە؟!

2009 ـ يىلى 25 ـ نويابىر، خوتەن



## ئىزاھات

ئۆي ۋە قەبرە ئىككى ماكاندۇر
بىرى زۇلمەت، بىرى قاراڭغۇ

ئىككى دۇنيا ئىككى داستاندۇر
بىرى يالغان، بىرى ئەپسانە.

ھايات، ئۆلۈم ئىككى قىرغاقتۇر
دەريادا يوق بىر تامچىمۇ سۇ...

2009 ـ يىلى 25 ـ نويابىر، خوتەن

## ئەسەبىي ھېسسىيات

ئوت ئوتتا كۆيۈپ
سۇ سۇغا چۆكۈپ
تۇپا تۇپىغا كۆمۈلۈپ
غايىب بولغاندەك
مەن ساڭا كىرىپ
يوقىلىپ كېتىشنى ئىستەيمەن!...

2009 - يىلى 26 - نويابىر، خوتەن

# قۇربان ھېيتنىڭ خۇشاللىقى

سەھراغا كېتىپ
توپىلاردا يۇمۇلايمەن

جېنىمنى جانان چىنىگە سېلىپ
قېنىمنى قىزىل ئېرىقتا ئېقىتىمەن

ناغرا چالغان بويتاقلىقىمنى
سۇناي چېلىپ تۈگىتىمەن

ئاسمان مېنىڭ ھېيتلىق تۇمىقىم
تۇپراق مېنىڭ ھېيتلىق ئايىغىم
ئىشتىنىمدۇر شاماللار
كۆڭلىكىم يامغۇر...

2009 ـ يىلى 26 ـ نويابىر، خوتەن

## تاشلار زۇۋانسىز...

تىپتىنچ بۇ سايلار، تاشلار زۇۋانسىز
جەڭگاھتا ھەيۋەتلىك يىقىلغان ئاتلار...
قاتمۇقات ئەينەكلەر سۇزۇك، يالىڭاچ
رەتمۇرەت بىنالار، پۇللار، پەريادلار...
نىمانچە گۈل بەدەن، مۇڭلۇق نىمانچە
ئايال دەپ ئاتالغان زەنجىر ـ كىشەنلەر...
قەبرىلەر ئولتۇرغان قانات ياسىشىپ
مەشرىقتىن مەغرىپكە چۇقان سۈرەنلەر...
نىمانچە ئەسەبىي ماشىنىلار بۇ
ھىندىستان كىنوسى، سۆيگۈنىڭ دەرسى...
قەشقەرنىڭ خوتەنگە تارتقان لەشكىرى ـ
بىر قىزنىڭ بىر ئەرگە يازغان خەتلىرى...

2009 ـ يىلى 26 ـ نويابىر، خوتەن

## تۇمان ئۇپۇقى

ئەزرائىلدىن جان تالاشقان قەيسەر جەڭچىمەن
ئۆزىدىن ئۆزىنى تالاشقان تەلۋە زاھىتمەن
كېچىلىرىم تۇۋا ـ ئىستىغپاردىن خالىي قاراڭغۇ ھەم بىغۇبار
كۈندۈزلىرىم بەندى بولغان ئۈچ ۋاخ تاماقتا
جىنازامنى ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرەلمىگەچ
تىرىكلىكىمدە تۇغقانلىرىمغا قەرز تۆلەيمەن...
مۇزىكىنىڭ خۇش پۇرىقىدا، شېئىرلارنىڭ يورۇقىدا
ئايالىلارنىڭ ئۈچ بۇلۇڭىدا ئۇخلايمەن
كونا كىتابلاردىكى ئۇرۇش، قىرغىنچىلىقلارنى قانات يايدۇرىمەن
قەبرىستانلىقنىڭ سۈكۈناتىنى ئىلىك ئالىمەن
دوزاخ ۋە جەننەتنىڭ ئارىسىدىكى يولدا تەمبۇر چالىمەن
تاشنىڭ قاتتىقلىقىغا، سۇنىڭ سۇيۇقلىقىغا، ئوتنىڭ
قىزىقلىقىغا ھەيران بولمايمەن
ئۆزۈم بىلگەن ناخشىنى ئۆزۈم ئاڭلىيالىغۇچە توۋلايمەن
بولۇشۇمنىڭ بولماسلىقىدىن ۋايىم يېمەيمەن
بولماسلىقىمنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايمەن
ئۆزۈمنىڭ يولىدا ئۆزۈم بىلگەنچە مېڭىۋەرسەم
ئاخىر تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا بارالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن

2006 ـ يىلى 26 ـ نويابىر، خوتەن



# مېنى شائىر دېدىلەر...

ئۆلۈۋېتىپ ناخشا ئېيتسام ھەر قېتىم
ئاشىق بولۇپ جەننەتتىكى پەرىگە،
كۆزۈم تىكىپ يەتتە ئاسمان قەرىگە...
ئىسپاتلىسام راستلىقىنى يالغانىنىڭ
كۆندە مىڭ رەت ئۆز - ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ،
ئۆلۈكۈمنى ئىتلار بىلەن تالاشسام
مۇزلاپ كەتكەن كوچىلارنى كۆلدۈرۈپ...
خازان قىلسام پۇلنى قىزىل گۈللەردەك
تېگىشمەن دېسەم ئاينى قۇياشقا،
ئۆلۈپ كەتسە كۆز ئالدىمدا مىڭ كىشى
ئىشەنمىسەم
كۆزلىرىمدىن ئاققان قانغا ھەم ياشقا...
...
مېنى شائىر دېدىلەر...

2009 - يىلى 3 - دېكابىر، خوتەن



## قانات ياساپ تۇرغىنىم...

قانات ياساپ تۇرغىنىم
سېنىڭ ئاسمان توقۇشۇڭغا پۈتكىنىم

ناخشا ئېيتىپ تۇرغىنىم
سېنى چوقۇم كېلىدۇ دەپ كۈتكىنىم

چۈشۈمدىكى ھۇجرىدا
سەن بولمىساڭ كىم ئۇ ياتقان مەن بىلەن؟
كەچكۈزدىكى يېتىم دەرەخلەر
ئىغاڭلار نىچۈن
تونۇشمىسا مەن بىلەن يا سەن بىلەن؟!

بۇلۇت پەسلەپ كەلگەندە
ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشقان دەريادەك
شارقىرايمەن ئەسەبىي
سەن يادىمغا كەلگەندە...

2009 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر، خوتەن

# مەندىن ساڭا ماڭغىنى

مەندىن ساڭا ماڭغان كۆزقاراشلارنى
مەندىن ساڭا ماڭغان خەۋپ ـ خەتەرنى
مەندىن ساڭا ماڭغان مۇھەببەتنى، نەپرەتنى
توسۇۋالماق بولساڭ مۇبادا
ئاسماندا بولساڭ
يەردە بولما،
يەردە بولساڭ
ئاسماندا بولما،
ئوتتا بولساڭ
سۇدا بولما،
گۈلدە بولساڭ
خۇشپۇراقتا تولما...
مەندىن ساڭا ماڭغىنى سەن
مەندىن ساڭا ماڭغان ئۆزۈڭنى توسۇۋالماق بولساڭ مۇبادا
مەندە بولما
ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزۈڭدە بول!

2009 ـ يىلى 4 ـ دېكابىر، خوتەن

# ئەڭ ئېگىز شارقىراتمىنىڭ نالە ـ زارى

مېنى تۇتۇۋال!... دەپ ۋارقىرايدۇ
ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ
گۈلدۈرلەپ تاشلىنىۋاتقان سۇلار
ئۆزىنى ئۆزىدىن تارتالمىغان سۇلار
پارە ـ پارە بولغان سۇلار
بىچارە سۇلار...
چۈشۈۋېتىپ كەينىگە قارىيالمايدۇ
توختىماي چۈشۈۋېرىدۇ
چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كېتىدۇ
لەۋلىرى گەز باغلاپ كېتىدۇ
قورسىقى يېرىلىپ كېتىدۇ
ئۈچەيلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ
كۆزلىرى پولتىيىپ چىقىدۇ
مېنى تۇتۇۋال!... دەپ ۋارقىرايدۇ
ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ
كاشكى، بىلسە ئىدى
ئۆزىنى شۇنچە ئېگىزدىن تاشلاۋاتقان كىم؟
نالە ـ زارىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋاتقان كىم؟!...
بىچارە سۇلار...

2009 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر، خوتەن

# يىغلىما، مەن ئۆلسەم ناخشام قالىدۇ

يىغلىما، مەن ئۆلسەم ناخشام قالىدۇ
شۇ قەدەر مۇڭلۇق ھەم شۇ قەدەر ياڭراق.
مەن يالغۇز ئۆتكۈزگەن پۈتكۈل كېچىلەر
قەبرەمنىڭ بېشىدا ياقىدۇ چىراغ.

يىغلىما، مەن ئۆلسەم قالىدۇ قەبرەم
يۇلتۇزلار ئۇنىڭدىن ئالىدۇ يورۇق.
ئاھ ئۇرۇپ مەن يازغان پۈتكۈل شېئىرلار
قەبرەمنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ تولۇق.

يىغلىما، ئۆلسەممۇ ياشايمەن يەنە
ئۈزۈلۈپ قويۇپلا ئۆلۈكۈمنى مەن.
ئۆچمەيدۇ روھىمدىن تەڭرى كۈلكىسى
ۋە ياڭراق ناخشىلار، چۇقان ۋە سۈرەن!...

2009 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر، خوتەن

## گاھ يەردە، گاھ كۆكتە دۇپۇرلەر يۈرەك

گاھ يەردە، گاھ كۆكتە دۇپۇرلەر يۈرەك،
گاھ مەندە، گاھ سەندە قىينىلار ئۆلۈم.
كەل جېنىم، لېۋىڭنىڭ غۇنچىسىنى بەر
سەنسىز ئاھ، ئۆزۈمنى سۆيمەيمەن ئۆزۈم.

چۈشۈمنىڭ ئوردىسى قاتمۇقات ئەينەك
ئەينەكتىن يالىڭاچ ئۆتسەن غىل ـ پال.
جېنىڭنى بەر دەيدۇ مۇھەببەت ئۈچۈن،
ئاھ، پۈتكۈل ئاياللار بولۇپ بىر ئايال.

شېئىردىن چىقىمەن گاھىدا جىمجىت
گاھىدا ۋارقىراپ، گاھى ئېسەدەپ.
كۆڭلۈم دەر: ئۆلۈپ كەت، تېزرەك ئۆلۈپ كەت،
يۈرىكىم دەر: ياشا، ياشا تىرەجەپ...

ئاخىرقى ناخشامنى ئېيتىپ بولۇپلا
ئىشەنگىن، قەبرەمگە كىرىمەن ئۆزۈم.
مۇھەببەت تەگرىنىڭ خوش خەۋرىدۇر
ھاياتقا پادىشاھ بولسا گەر ئۆلۈم!

2009 ـ يىلى 8 ـ دېكابىر، خوتەن

# بىر بولسا ئاسماندا يەنە ئاسمان بار

بىر بولسا ئاسماندا يەنە ئاسمان بار
بىر بولسا تۇپراقنىڭ ئاستىدا تۇپراق.
ھاياتنىڭ ئالدىمۇ، كەينىمۇ ئۆلۈم،
ئادەملەر ئۆزىدىن كېتەلمەس يىراق.

بىر بولسا ئۆلۈمدۇر بىردىنبىر چىراغ،
بىر بولسا قاراڭغۇ، مۇدھىش بىر خىيال.
بىر بولسا ئادەمنىڭ يارى ئۆلۈمدۇر
بىر بولسا ئۆلۈمنىڭ ئۆزى بىر ئايال...

بىر بولسا مېنىڭ بۇ قايغۇ ـ ھەسرىتىم
تەقدىرنىڭ قولىدا تەمبۇر يا ساتار.
ھەر مىنۇت تەگرىمنى كۆرۈپ تۇرارغا
روھىمدا ئۆلۈمنىڭ دەرۋازىسى بار...

2009 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر، خوتەن

# ئىشسىز

تەڭرى ئاتا قىلغان تالانتىمنى
تەڭرىنى ئىنكار قىلىشقا ئىشلەتمەيمەن.

تەبىئەت ئاتا قىلغان كۈچ - قۇدرىتىمنى
تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشلەتمەيمەن.

ئادەملەر بەرگەن مېھىر - مۇھەببەتنى
ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئىشلەتمەيمەن.

ئاياللار بەرگەن غۇرۇر ۋە ئىپتىخارنى
ئاياللارنى دەپسەندە قىلىشقا ئىشلەتمەيمەن.

بىر قېتىم كېلىدىغان بۇ ھاياتىمنى
... ئىشلەتمەيمەن!

2009 - يىلى 9 - دېكابىر، خوتەن

# خۇشال ـ خۇرام قامچىلار

قىزىلگۈلنىڭ چۇنقىدا توقۇلغان
مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرىدا توقۇلغان
گۈزەل قىزنىڭ چاچلىرىدا توقۇلغان
كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ
جاننى يايرىتىدىغان
خۇشال ـ خۇرام قامچىلار...

2009 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر، خوتەن

## ئۆلۈم كېلىۋاتىدۇ

سۇلار مەرسىيەسىنى باشلاپ بولغۇچە
تاشلار قېتىۋالسۇن

شاماللار ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە
گۈللەر توپىسىنى قېقىۋالسۇن

چىراغلار كۆزلىرىنى ئېچىپ بولغۇچە
كېچە يۈزلىرىنى ئېتىۋالسۇن

ئەزرائىل جانىنى ئېلىپ بولغۇچە
ئادەملەر خۇشال ـ خۇرام ياشىۋالسۇن...

ئۆلۈم كېلىۋاتىدۇ

2009 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر، خوتەن

# سەن ماڭا كۆرسەت

كۆنسېرى شالاڭلاپ كېتىۋاتقان ئەرشتىكى ئورماننى
ئۆلۈمنىڭ ئالقىنىدىكى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئىنساننى
ۋاقتىنىڭ ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملىرىنى
روھىنىكى چوققىلارنى، تەنىدىكى ئازگالالارنى
ئەينەكنىڭ ئارقىسىدىكى قىرىپ كەتكەن ئايالالارنى
سۇدىكى يۇمۇلاق بولۇپ يىغلاۋاتقان تاشلارنى
ئوتتىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان قىپقىزىل چاچلارنى
ياشتىكى كىشەن ـ زەنجىرلەرنى
قاندىكى شاراقلاپ كۈلۈۋاتقان قىپقىزىل پۇللارنى
تەندىكى ھۆركىرەپ ئۆلۈۋاتقان ھايۋاننى
جاندىكى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان شەيتاننى
ۋە
راست سۆزلەردىكى ھەممە يالغاننى
سەن ماڭا كۆرسەت!...

2009 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر، خوتەن

# چۇۋۇلۇپ كەتتىم

پۇتۇم ماڭغان يوللاردا مەن ماڭمايمەن
قولۇم تۇتقان نەرسىلەرنى مەن تۇتمايمەن
كۆزۈم كۆرگەن نەرسىلەرنى مەن كۆرمەيمەن
ئالدىمدا ئارقامدىكى ئادەملەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى
ئارقامدا ئالدىمدىكى ئادەملەرنىڭ قەدەم تىۋىشلىرى...
جېنىمنى ئالقىنىمغا ئالمايمەن
ئالغان كىشىگە بېرىۋېتىمەن.
قېنىمنى تېنىمنىڭ يانچۇقىغا سالمايمەن
يارنىڭ كوچىلىرىغا چېچىۋېتىمەن.
يېشىمنى يارنىڭ يولىغا چاچمايمەن
ئۆزۈم ئىچىۋېتىمەن.
كۆڭلۈمنى جانان چىنىگە تېگىشمەيمەن
چېقىۋېتىمەن...
مېنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار
جېنىمنى تاپساڭلار تېنىم يوق
يۈرىكىمنى تاپساڭلار كۆكرىكىم يوق
ئاۋازىمنى تاپساڭلار تىلىم يوق
چۇۋۇلۇپ كەتتىم...

2009 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر، خوتەن

# جانان كېلۇر

بۈگۈن ئاخشام جانان كېلۇر
ئوت ئىچىدە رەيھان كېلۇر،
پورەك ـ پورەك باھار كېلۇر
دەستە ـ دەستە گۈلزار كېلۇر...
نازى بىلەن كەرەشمىسى
قوشۇن تارتىپ ھەيۋەت كېلۇر،
ئاۋۋال كېلۇر پىيالىسى
ئاندىن شىرىن شەربەت كېلۇر...
يۈزى كېلۇر ئايدىن يورۇق
كۆزى كۈندىن نۇرلۇق كېلۇر،
ئاۋۋال جانىنى ئالار، ئاندىن
ياشا دېگەن بۇيرۇق كېلۇر...
ۋۇجۇدىدا سەككىز جەننەت
يەتتە دوزاخ ۋەيران كېلۇر،
ئارقىسىدىن يىغلاپ ئۈنلۈك
زېمىن بىلەن ئاسمان كېلۇر...

2009 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر، خوتەن

# بەلكىم...

بەلكىم جېنىمنى ئالقىنىمغا ئالغاندىمەن
بەلكىم تېنىمنى مۇھەببەت كۆيگە چالغاندىمەن
بەلكىم يولنى ئۆز يولىغا سالغاندىمەن
بەلكىم يولسىزلىقنى يولنىڭ چېتىدە قويغاندىمەن
شېئىر يېزىشتىن ئۆزگە ئىبادىتىم يوق
شېئىر يېزىشتىن ئۆزگە جىنايىتىم يوق
بەلكىم تەڭرىمنىڭ قېشىغا بارغىلى
ئاسمانغا چىقىدىغان پەلەمپەينى ياساۋاتقاندىمەن

2009 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر، خوتەن





# دېرىزىنىڭ يېنىدا

بىرىنچى يۇلتۇز چىققاندىن باشلاپ
جىمىرلاشقا باشلىدىم

تولۇپ كەتتى يۇلتۇزلار كۆككە

بىر يۇلتۇز كۆزلىرىمنى يۇمدۇردى
بىر يۇلتۇز جىنازامنى كۆتۈردى
بىر يۇلتۇز يوللىرىمنى سۈپۈردى
ئاسمان كونىرىماس
ئاينىڭ ئېتىكىدە بىردەم ئۇخلىدىم
ئىتلار قاۋاپ، كاللار مۆرەپ
چۈشۈم پەسكە سىيرىلىپ كەتتى:
قوللىرىنى سوزۇپ ئاسمانغا
مېنى ئىزدەۋاتاتتى يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىن
ماڭا يۇلتۇز ساناشنى ئۆگەتكەن ئانام!...

2009 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر، خوتەن

# مەن دەيمەن قانداقمۇ سېنى تۇتقۇن قۇش

مەن دەيمەن قانداقچە سېنى تۇتقۇن قۇش
قەلبىڭنىڭ كۆكىدە قاناتلار قاقسام؟
توسقۇنسىز ئىستەكتە سۆيەرمەن يەنە
قەلبىمنىڭ يولىدا سېنى ئۇچراتسام.
تۈگىمەس ھېچقاچان ئازاب ـ ئوقۇبەت
شۇ سەۋەب ئۇزۇندۇر بۇ قىسقا ھايات.
ئېچىلماس ئەبەدى دىلدىكى غۇنچە
ئېچىلار قىزىلگۈل رەڭگىدە مامات.
مەست بولغان كۆڭلىمىز سىلىشار گىرە
ھىجرانلىق دەملەردە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن.
ئۇچراشقان چاغدىكى ناخشا ـ ناۋالار
جۇدالىق پەيتىگە ئاچار ھەم قۇيۇن.
پەقەتلا بىر سۆزنى ئېيتىپ ياشايمىز
مۇھەببەت، مۇھەببەت... تاكى ئۆلگۈچە.
يىراقلاپ بارغانچە تاشقىنلار يۈرەك
قۇچاقلاپ تۇرغاندا نە تۈن، نە كېچە؟...
خوش! دېگەن بۇ سۆزمۇ ئەمەس ئاداققى
يەنە بىر تەقدىر بار يوچۇن ۋە گۈزەل.
تىلەيمەن، كۆزلىرىم قالمىسۇن ئوچۇق
سېنىڭ سىياقىڭدا كەلگەندە ئەجەل!

2009 ـ يىلى 14 ـ دېكابىر، خوتەن

# بوپقالار مەن ئۈچۈن ئاخىرقى ناخشام

بوپقالار مەن ئۈچۈن ئاخىرقى ناخشام
بىر ئۇزۇن داستاندىن قايتارمەن ياياق.
يا كارۋان بېشى بوپ كىرپىكلىرىڭگە
قاراڭغۇ چۈشۈشكە ياقارمەن چىراغ.
چاچلىرىڭ بەھرىدە ئېقىپ قىرىق يىل
تاپارمەن سۆيگۈنىڭ گۈلىستانىنى.
كېزىپ مەن ئېزىتقۇ تېنىڭنى ياكى
ئاشارمەن پىراقىڭ باياۋانىنى.
ئىسمىڭنى چاقىرغان ئاۋازىم بىلەن
تۈمەن يىل چېكەرمەن ئازاب ـ ئوقۇبەت.
يا مېنىڭ يا سېنىڭ بارماقلىرىڭدا
باغرى قان دەمدەردەك ئۈنلەر مۇھەببەت.
يۈرەكلەر ئەگىشەر بىر ـ بىرىگە ئاھ
بازارغا ماڭغاندەك خۇشال بىر باھار.
قاچقاندەك قەبرىدىن سانسىز جەسەتلەر
ياكى بىر دەھشەتلىك ھايات باشلىنار...

2009 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر، خوتەن

## نەپرەت بىلەن ئاقارغان قۇملار

ئۇردىلار كۆمۈلدى جىمجىت يۈرەككە
قېتىلدى قەدەھكە ئاپپاق ئۇستىخان.
ئاپتاپنىڭ ساغرىسى كىردى تۆشەككە
قۇياشنىڭ شېخىغا قوندى زىمىستان.
تۆگىلەر يول ئالدى ماشىنىلارغا
يىگىنىنىڭ تۆشۈكى بولدى گۆرۈستان.
روھلارنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى مەن
ئاڭلىدىم چىققاندا دەھشەتلىك بوران.

2009 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر، خوتەن



# چۈشۈمدىكى پەرىزات

سۆيۈشلەردىن كەيىپ بولۇپ ئۆرلەۋەردىم بۈيۈككە
نەغمە ـ ناۋا ياڭراپ تۇرار، سازەندىلەر كۆرۈنمەس.
مېنى يىنىك سىلاۋاتقان ئاپپاق قوللار كىمنىڭكى؟
ئۆلۈۋاتقان ئوخشايمەن دەپ ئالدىم تېز نەپەس...
سېلىۋەتكەن كېيىمنى قىپيالىڭاچ بولماققا
سۆيەر مېنى قىپيالىڭاچ قىلماق ئۈچۈن ئۇ يەنە.
ئوتلار كۆيۈپ مۇزلاپ كەتكەن تۆشەكتىكى زۇلمەتتە
مېنى قىپيالىڭاچ قىلغاندىكى تەنتەنە...
سۆيۈشتىن ھېچ توختىماس
ئۇچقۇر بۇلۇت ھارۋىسىدا پەرىشتىلەر ئولتۇرار.
چىملىدىقنى قايرىپ نالە قىلغان گۈلنىڭ تىكىنى
ئۇنىڭ شېرىن لەۋلىرىنى شارابلارغا تولدۇرار...

2009 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر، خوتەن

## ئانام ئۆيدە، ئاتام جەننەتتە

ئانام ئۆيدە، ئاتام جەننەتتە
بىرى نۇردا، بىرى زۇلمەتتە
بىرى يەردە، بىرى ئاسماندا
بىرى ئېتىزدا، بىرى خاماندا
دەيدۇ بىرى بېشىمنى سىلاپ
كەتمە، ماڭا بولغىن ۋاپادار،
يەنە بىرى يېنىغا چىللاپ:
دەيدۇ، تەڭرى ساڭا ئىنتىزار...
تۇرۇپ قالدىم ئارا يولدىمەن
بىلەلمەستىن قايان مېڭىشنى،
ئىككى دۇنيا ئارىسىدا مەن
يىغلىتايمۇ ھەر ئىككىسىنى؟!...

2009 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر، خوتەن



# بەرگى خازان

ناۋا قىلماس، گۈل بەرگى خازان
كەلمەس ئۈيناپ لەپ ـ لەپ كېپىنەك.
يالقۇنلارغا چىلار شېخىنى
قاقشال بولغان بوستان سېكىلەك.
شۇنداق جېنىم، سەن كەلمىگەندە
ئۆلۈپ قالۇر كۆكسۈمدە يۈرەك.
ئايىغىمدا چۆرگىلىمەس چۆل
باش ئۈستۈمدە ھەم چەرخى پەلەك...

شاماللارنىڭ قانىتى سۇنۇق
يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكلىرى قان.
سۇلار سۇنى ئالماس باغرىغا
ئوتلار ئوتقا بولماس مېھرىبان.
شۇنداق جېنىم، سەن كەلمىگەندە
قاراڭغۇغا غەرق بولار كۆزۈم.
چىقار جېنىم ئاستا، ئاھ ئاستا
مەھشەرگىچە قىينىلىپ ئۆلۈم.

سۆڭەكتىكى سۇنغان ھارۋىلار
ئىسسىق گۆشلەر ئارا قەبرىستان،

ئۆلۈكلەرنىڭ يورۇق تاڭلىرى
قىيامەتلىك ئاھ، تەكلىماكان...
شۇنداق جېنىم، سەن كەلمىگەندە
يەر كۆزىنى يۇمار ئاسمانغا.
ئۆلۈكنى تۆگىگە ئارتىپ
كېتەر چۆللەر قەدىم زامانغا.

ئايغا ئاققان ھەممە ئېرىقلار
ئۆلۈۋالغان ماشىنىلار ھەم،
تاملاردىكى زۇلمەت يېرىقلار
تۆكۈۋاتقان قان ـ ياش ۋە ئەلەم...
شۇنداق جېنىم، سەن كەلمىگەندە
ناخشا ئېيتار قايسى قەلەندەر؟
سەن كەلمىسەڭ نېچۈن باغرىم قان،
كۆكسۈمدىكى بۇ قايسى خەنجەر؟!...

2009 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر، خوتەن



# ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن

ھېچكىشىگە تۇيدۇرماستىن ئۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن
ئۆلۈكنى كۆمگىلىدىكى قەبرىستانغا كۆمۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن
يىغلىغىلى ئادەم يوق
ئۆزى قويۇپ يىغلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن...
يارى كەتكەن يايلىغلى چۈشىدىكى يايلاققا
قۇچاقلىرى ئۇچۇپ كەتكەن ئەرشتىكى كۆپكۆك ئۆسكەن يانتاققا
ئوڭ قولىنىڭ ئايەتلىرى سول قولىغا كۆچمىگەن
ئوڭ كۆزىدە سول كۆزىنىڭ قىساس ئوتى ئۆچمىگەن
ئالەم ئاڭا بىنا بولغان، ئۇندا ئۆزى بولمىغان
ئۆزى بولغان، لېكىن ئۆزى ئۆزىگە بىر تولمىغان
كۈندە يۈز مىڭ ئۆلسىمۇ، تەقدىرىدىن خەۋەر يوق
ھەممە ئۆلۈم قاپقاراڭغۇ، ئۇ تەلمۈرگەن سەھەر يوق
مۇشەققەتلىك يولىدا، دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ
تەمبۇر چېلىپ كېتىۋاتقان كارۋانلاردىن ئەسەر يوق
ئاھ، ئۆلۈم!... دەپ
قەبرىسىدىن چىقىپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن...

2009 - يىلى 25 - دېكابىر، خوتەن



## بىر ئايال تېنىمنى جاراڭلاتقاندا...

يېڭى يىل كەلمەكتە يولۋاسقا مىنىپ
زىمىستان كۆيگە ئىسقىرتىپ مانا.
قەلبىمنى ئىللىتار يارنىڭ ئوتى يوق،
ئوتتۇمنى قالارغا ئوچقىم يانا.
مۇھەببەت ھەققىدە قىساسقا پېتىپ
ئاياللار قوينۇمدىن قايتماس ھېچقاچان.
بىر ئۆزۈم ياشايمەن غەيرىتىم بىلەن
بىر ئۆزۈم سۆيگۈگە بولىمەن قۇربان.
جېنى بار، تېنى يوق زۇلمەتلىك ئايال
تېنى بار، جېنى يوق رەھمەتلىك ئايال،
ئوتى بار، سۆيى يوق كۆلپەتلىك ئايال
سۆيى بار، ئوتى يوق ئۇلپەتلىك ئايال
ئاھ ئايال، ئاخىرى يولۇچى شامال
ئاھ ئايال، ئاخىرى بىر دۆۋە خىيال...
ئايالغا نېمانچە بېرىمەن قەسەم
بۇ قەسەم قوراشتاش، سۇدا ئاققان سال؟
ئايالغا ئالدىمنى قىلدىم مەن مانا
گوياكى خىيالغا يۈزلەنگەن مىسال.
بىر ئايال تېنىمنى جاراڭلاتقاندا
تۇزۇدى جېنىمدىن يەنە مىڭ ئايال...

2009 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر، خوتەن



# ئايال ياكى شامال

كىندىكىدىن باش باھارنىڭ ئىللىق ئىقىنلىرى ئىقىپ تۇرىدۇ
ئالقىنىدا ئاتەش ھەۋەسلەرنىڭ قۇرىغان شاخلىرى كۆيۈپ تۇرىدۇ
بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تىز پويىزلىرى ئۆتۈپ تۇرىدۇ
كىرپىكلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئاي ۋە قۇياش ئۇنى نۆۋەت بىلەن
كۈتۈپ تۇرىدۇ
ئىككى پۇتى ئىككى دەريادەك ئىككى سايغا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ
ئىككى قولى ئىككى ئەتىرگۈلدەك بەس ـ بەس بىلەن ئېچىلىپ
تۇرىدۇ
ئىككى كۆزى ئىككى ئەزرائىلدەك نۆۋەت بىلەن جېنىمنى ئالىدۇ
ئىككى يۈزى ئىككى ئالۋاستىدەك يۈرىكىمنى تەشۋىشكە سالىدۇ
يوشۇرۇنغۇدەك تېنى بولسا كاشكى
يالىڭاچ بولغۇدەك كىيىمىمۇ يوق…
ئۇ نېمىشقا ئىسمىمنى سوراپ
مېنى يىرىم كېچىگە قىلىدۇ شەرەت؟
قاپقارا چاچلىرى
يالغۇزلۇقۇمغا بېرىپ مۇھەببەت…

2010 ـ يىلى 4 ـ يانۋار، خوتەن

## سۆڭەككە ئويۇلغان تەكلىماكاندۇر

كەلمىگىن سىرىمنىڭ گۆرۈستانىغا
گۈلخاندەك لاۋۇلدا جەھەننەم بىلەن.
ئۆلۈكۈم باغرىڭدا كەتسىمۇ سېسىپ
جىنلارنىڭ تويىدا سالمىغىن سۈرەن.
نە كېتەي، كەتمەسمەن ئۆزۈمدىن ھېچۋاق
بۇ كەڭرى جاڭگالدا ئىنساندىن يىراق.
ئازابتەك بىر قىزنىڭ ئاپپاق كۆكرىكى
بىر قايناق ھاياتقا قوزغار ئىشتىياق.
سۆڭەككە ئويۇلغان تەكلىماكاندۇر
گۆش بىلەن چىڭدالغان قاراڭغۇ خىيال.
قۇرىغان تومۇردا ئاققىنى تارىم
بەدىنى ئۆزىدىن ئاشمىغان ئايال.
كىرلەشكەن كۆڭۈلگە ياغماقتا يامغۇر
كۆز ياشتۇر سېسىغان ئەسەبىيلىكتە.
ئاپپاق ۋە يېگانە بىر تال چاچ كەبى
ئالۋاستى روھىمدا يىغلايدۇ ئەنە.
مۇھەببەت جېنىمنى ئالدىڭغا قويدى
ئالساڭ ئال، لېكىن مەن ئۆلگۈچە تومتا.
كۆيۈنمە، يارىمنى مەن ئۆزۈم تاپاي



سەن ئۇنىڭ بىغۇبار كۆڭلىگە ئوخشا.
ئاخىرى زېمىندا ئاشۇ يار پەقەت
شۇ ئېگىز ئاسمانغا بولىدۇ شوتا،
ئېھ، ئاشۇ تەڭداشسىز شوتا بىلەن مەن
بىر ئازدىن، بىرئازدىن يېقىنلاي ساڭا.

2010 ـ يىلى 6 ـ يانۋار، خوتەن



# قاندۇراي، جانانىم پەقەت سەن بىلەن

ئاسماننىڭ قەرىگە قاناتلىرىمنى
ئىشقىنىڭ پەيزىگە پەريادلىرىمنى
ئۆلۈمنىڭ سۈيىگە ھاياتلىقىمنى
قاندۇراي، جانانىم پەقەت سەن بىلەن.

يېقىندا كۆرۈنگەن يىراقلىرىمنى
كۆللەرگە كۆمۈلگەن يىراقلىرىمنى
زۈلمەتكە مۆكۈنگەن چىراغلىرىمنى
ياندۇراي، جانانىم پەقەت سەن بىلەن.

يۈزۈمنى قىزارغان گۈلى رەيھانغا
كۆزۈمنى سۈزۈلگەن يورۇق ئاسمانغا
سۆزۈمنى لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخانغا
قاندۇراي، جانانىم پەقەت سەن بىلەن.

تېنىمنى ھەۋەسنىڭ تىپىرلىشىغا
جېنىمنى ئەجەلنىڭ پىچىرلىشىغا
روھىمنى تەڭرىنىڭ شىۋىرلىشىغا
قاندۇراي، جانانىم پەقەت سەن بىلەن!...

2010 ـ يىلى 13 ـ يانۋار، خوتەن

## يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ مەنزىلى

داپ ھالقىسىدىن ئۆتكەن ئەسەبىي زامانلار مۇقاملارنىڭ
نەغمە ـ ناۋاسىدا
باش سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان قەدەھلەر تەكلىماكانلىق
جىنلارنىڭ قولىدا
ئۇستىخان ـ سۆڭەكلەردىن پۈتكەن سارايلار ئەرۋاھلارنىڭ
ئاسماندىكى كەپىسى
...
يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ مەنزىلى قەيەردە؟
بۇ كارۋانلار ئەنە شۇنداق ئەڭ كىچىك تۆشۈكلەردىن ئۆتكەنمۇ؟
بۇ كارۋانلار ھېلىمۇ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈۋاتامدۇ؟
بۇ كارۋانلارنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن باشقا ماڭغۇدەك يولى يوقمۇ؟
بۇ كارۋانلار ئانام كىيىملىرىمنى يامىغاندا
ياكى خوتۇنۇم كەشتە تىكىۋاتقاندا يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزگەن
يىپمۇ؟
بۇ كارۋانلارنىڭ كارۋان بېشى ئايالمۇ؟
ئاھ، خۇدا!...
كىتاب ۋاراقلاشلار نەقەدەر قورقۇنچلۇق؟
يالىڭاچ قالسامۇ مەيلىكى
ئەجدادلارنىڭ سارائىلىقىغا بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلىمەيمەن



ئۆيۈمدىكى بارلىق يىگىنە تۆشۈكلىرىنى تىندۇرۇۋېتىپ
بۇ كارۋانلارنى بىپايان ۋە داغدام يولسىزلىقتا باشلايمەن
چوقۇم شۇنداق قىلىمەن...

2010 ـ يىلى 13 ـ يانۋار. خوتەن



# چېچەكنىڭ ئىللىق ۋە نەمخۇش يامغۇر ھاۋاسى

چېچەكنىڭ ئىللىق ۋە نەمخۇش يامغۇر ھاۋاسى
مېنى باھار قارلىغاچلىرىدەك پەس ئۇچۇشقا مەجبۇر قىلدى
كۆكسۈگىنىڭ لىغىرلاپ ئاققان شوخ دولقۇنلىرى
مېنى تېخىمۇ شوخ قىرغاق بولۇشقا مەجبۇر قىلدى
لېۋىگىدىكى توسقۇنسىز رەڭ تۆزەپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ
گۈل - چېچەكلىرى
مېنى مىسلىسىز مەجنۇن كېپىنەك بولۇشقا مەجبۇر قىلدى

ئىككى قولۇڭنىڭ ھەممە بارماقلىرى
ئالقىنىمدا ئەتىرگۈلگە ئايلاندى

بىزنى ئۇچراشتۇرغان تەگرى
مۇھەببەتلىك تەگرى بولمىسا
بىزنى بىر - بىرىمىزگە باشلارمىدى؟
بىزنى ئۆز - ئۆزىمىزدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ
بىر - بىرىمىزگە تاشلارمىدى؟!...

2010 - يىلى 13 - يانۋار، خوتەن



# قاناتلىرى سىيلانغان ئاسمان

سۇنۇپ كەتكەن چۈش قاچىسىدا
زەھەر ئىچكەن مەغرۇر ئارسلان.
بۇلۇتلارنىڭ يوپۇرمىقىدا
قاناتلىرى سىيلانغان ئاسمان.

تاغدىن تاغقا تارتىلغان ئاۋاز
ئۈمىد ئۈزگەن دەريادىن دەريا.
قىيامەتنىڭ ھارۋىسى بىلەن
بۇ دۇنياغا كەلگەن ئۇ دۇنيا.

ئۆلۈملەرنى تەكرار ھۆل قىلىپ
يامغۇر ياغقان مۇھەببەت پەسلى.
كۆزلىرىنى چىراغقا تىككەن
زۇلمەتتىكى قۇياشنىڭ نەسلى.

ئېھ كارىۋىتىم، ئاستىمدىكى ئات،
جىنازىدەك قۇپقۇرۇق ئارمان.
چۈشلىرىمدە پۇلاڭلاتقان قول
ئايالدىكى مۇنبەت قەبرىستان.

2010 - يىلى 18 - يانۋار، خوتەن

# جانان چىنلەر...

كۆلكىسىدىن جانان چىنلەر
چىقىلىشقا تەييار ھەرقاچان.
ئۆلۈمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە
ھېچكىم تىرىك ياشاپ باقمىغان...
داللارنىڭ يۇلتۇز چۈشىدە
ئۈنۈپ چىققان ئات تۇياقلىرى،
جاننىڭ تەگرى شامالللىرىدا
شىلدىرلىغان يوپۇرماقلىرى...
ئېھ مۇزىكا، قاناپ كەتكەن قان
قانغا قاراپ ئېچىلغان رەيھان،
قاپقاراڭغۇ سۈكۈت ئالدىدىن
قول تۇتۇشۇپ ئۆتكەن قەبرىستان...
ماشىنىلار تۆمۈر بولغانغا
توختىماستىن قىلغان پۇشايمان،
مۇھەببەتنىڭ قاتىللىقىغا
ئىشەنمىگەن بىرەرمۇ ئىنسان...
دەرەخلەرنىڭ سالام ـ سائىتى
ئىشىك چەككەن مىسكىن قىيامەت،
ئايال بىلەن كارىۋاتتىن كېيىن

قۇرۇپ كەتكەن چەكسىز تەبىئەت...
ئېھ، ئاخىرقى تەنھا قوشاقچى
قۇرۇپ كەتكەن ئەسەبىي دېڭىز،
شېئىر ئۆچۈن مەڭگۈلۈك بولۇپ
كەلمەيدىغان، كەتمەيدىغان قىز...

2010 ـ يىلى 19 ـ يانۋار، خوتەن

## گۈلنى پىنھان، غۇنچىسىن
## قات ـ قات قىلۇر

گۈلنى پىنھان، غۇنچىسىن قات ـ قات قىلۇر،
بۇلبۇلى بىچارىنىڭ كۆڭلىنى ناشاد قىلۇر.
قاشىدىن ئەگىپ ئۆتەر ئايمۇ مۇئەللەقتىن چۈشۈپ
لەۋلىرىدە مەيۇ ـ مەيخانە ھامان پەرياد قىلۇر.
ساچىنىڭ بوستانىدا ئوتلار كىيىك
كىرپىكىن قاقىپ نۆۋەر جاللات قىلۇر.
ئۆلگىلى ياتسام ئۇنىڭ قۇچاغىدا
بىر كۈلۈپ ئەجەلنى ئۇ بەرباد قىلۇر.
نە قىلاي بۇ جان بىلەن جاھاننى مەن؟
بىر ـ بىرىگە ئىككى ئالەمنى يەنە ئۈلپەت قىلۇر.
ئاھ، بۇ دەردىم كىمگە ئېيتاي، بىلمىدىم.
تەڭرىمۇ ھەم ئىشىق ئۈچۈن خىزمەت قىلۇر.

2010 ـ يىلى 22 ـ يانۋار، خوتەن

# قارا كۆز هوي، هوي...

كۆڭلىكىڭنىڭ تۈگمىسىنى سىلىۋالسام بولامدۇ؟
لېۋىڭدىكى جىنەستىنى ئۈزۈۋالسام بولامدۇ؟
ئالتۇن ئېتىمنى كۈمۈش مەپەڭگە قېتىۋالسام بولامدۇ؟
يوللىرىڭدا غازاڭ بولۇپ يېتىۋالسام بولامدۇ؟
...
يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىغان ئۆستىڭىنى كەچتىمەن
ئىككى پۇتى ئىككى ياقتا ماڭغان چۈشنى كۆردۈمەن
ئۆلۈمىنى تا ئۆلگىچە كۈنلەر ساناپ كۈتتۈمەن
كونا تامنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆز ئۆيۈمگە كەتتىمەن
تاملاردىكى ئەرۋاھلارنىڭ چىرىغىدا ئۆچتۈمەن
ھەممە ئەرلەر بىر ئايالغا كىرىپ كەتكەن ئىشىكتىن
سۇغا قاراپ قۇرۇپ كەتكەن تەلپۈنۈشنى كۆردۈمەن...
قارا كۆز، هوي، هوي...

2010 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، خوتەن

# لېۋىڭدىكى مۇھەببەت شارابلىرى
# قايناشتىن ئىلگىرى

ئېھ دىلبەر
مۇناجاتتىكى ئەترگۈلۈڭنى ماڭا بەر!
لېۋىڭنىڭ مۇھەببەت شارابلىرى قايناشتىن ئىلگىرى
چېچىڭنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرى يورۇشتىن ئىلگىرى
كۆكسۈڭنىڭ ئېگىز ئاسمانلىرى يېقىلىشتىن ئىلگىرى
كىرپىكلىرىڭنى ساناپ ئولتۇراي...
شەپەق كۆڭلىكىڭنى كىيىۋاپسەن
دەريا رومىلىڭنى ئارتىۋاپسەن
تۇمان ئۈزۈكۈڭنى سېلىۋاپسەن
بارماقلىرىم ئارىسىدا كېتىۋاتىسەن
قاراڭغۇ جىلغىدا ئۈچرىشايلى
ئاسماننى دېرىزىدىن تاشلىۋېتەيلى
ئارىمىزدىكى تۆمۈر ھاۋانى
ئۆلۈمدەك مەرھەمەتنى
يامغۇردەك شەپقەتنى
پاك ـ پاكىزە ئادالىۋېتەيلى...
غەزەلدىن چىققان قەلەندەر
قاپىيە لۇغىتىدىن كەلگەن شائىر
بىزنى تونۇيالمايدۇ.
قەبرىلەرنى سۆيۈرۈۋېتىمىز

تۇپراق بىزنى تاپالمايدۇ،
جىنىمىزنى بىر يىپقا تىزىمىز
ئەجەل بىزنى ئايرىيالمايدۇ...
سۆيمەك بولساڭ قۇچاقلا ئاۋۋال
باغرىڭدىكى تەكلىماكاندا
توغراق بولۇشقا تەييارمەن.
بوران بولسامۇ مەيلى
مۇقاملىرىڭنى جاراڭلىتىمەن.
سوغۇق ئوچاقلارغا ئوت قالايمەن
مۇھەببەتلىك قىسقا ئۇچۇرلاردىن
ئەسەبىي شېئىرلاردىن
پىغانلىق ناخشىلاردىن
مېنى قۇچىقىڭغا ئېلىپ
جېنىم چىققۇچە ساقلاپ تۇر
ئاسمانغا چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى
قاناتلىرىمنى پەرلىۋالاي
سېنىمۇ ئاسمانغا ئېلىپ كېتىمەن
قۇچىقىڭدا
چەكسىزلىشىۋاتقان ئاشۇ ئاسمانغا!...

2010 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، خوتەن

# يېنىمدا ئولتۇر

يېنىمدا ئولتۇر
ساڭا
ئۆمرۈمنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى بېتىدىكى قۇياش ئولتۇرغان
ئورۇندۇقنى
ئاسماندىكى بېشىمنىڭ يەردىكى پۇتۇمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئۆلۈمىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويغانلىقىمنى
ئاشۇ تۆشۈكتىن
سېنىڭ جامالىڭنى ماراۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بېرەي...
يېنىمدا ئولتۇر
ساڭا
سەن شاراب ئىچكەن چۈش قاچىسىنىڭ مېنىڭ تېنىم ئىكەنلىكىنى
لېۋىڭدىكى قىپقىزىل جىنەستىلەرنىڭ لەۋلىرىمدىكى باغدا پىشقانلىقىنى
بارماقلىرىمنىڭ ھەر بىر تال چېچىڭنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى
سۆزلەپ بېرەي...

2010 - يىلى 29 - يانۋار، خوتەن

# بولغىن قەبرەم ئۈستىدىكى ئاي

بىرەر قېتىم ئۆلتۈرۈلەي مەن
تاشقا سۈرگۈن قىلمىغىن مېنى.
يەر تەكتىدە چىرىپ كەتسەممۇ
ئاسمانلاردىن ئىزلەيمەن سېنى.
مەن يېقىلغان سېنىڭ ئاسمىنىڭ
ئەينەكلەردە توختىمايدۇ ھېچ.
جەستىمنىڭ خانىقاسىدا
ئىخلاس بىلەن چاقنايدۇ قىلىچ.
بولغىن قەبرەم ئۈستىدىكى ئاي،
بولاي ساڭا زۇلمەت پەلەمپەي.
دەسسەپ ئۆتكىن مېنى بىر ـ بىرلەپ،
يۈرىكىمگە دەسسىگىن، ھەي ـ ھەي!...

2010 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال، خوتەن

# تاشلار ئۆلۈپتۇ...

سايغا بارما، تاشلار ئۆلۈپتۇ
دەريالاردا سۇلار ئۆلۈپتۇ.
ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر
جەھەننەمدە مېنى كۆرۈپتۇ.
دەھشەت بىلەن مۇقام چالىمەن
يالقۇنلايمەن، ئۆچۈپ قالىمەن.
ماڭا كەلمە، مەندە مەن يالغۇز،
ساڭا كەتكەن كۆڭلۈم ئۆلۈپتۇ.

2010 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال. خوتەن

# يارەي...

— مەرھۇم مۇھەممەتئېلى مۇھەممەتئىمىن خاتىرىسىگە

سېنى ئۆلۈپ كېتەر دەپ كىممۇ ئويلىغان
تۇمان شارقىراتمىسىنى بىللە بويلىغان
گۈللەر تۇرمىسىدىكى قاراۋۇللار
تەن ئىچىدىكى پىنھان ھۇجرىلار
ئۆلمەس ئادەمنىڭ ئىسمىدا ئىدىڭ
سەۋر قىلايلى
جەننەت دوزاختىن كېيىن دېدىڭ...
چۈش كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى
ئۇزۇن بولدى ئەركىلىمىدى
قۇچىقىمدا ئاينىڭ بالىسى...
يارەي
بۇ جان كىمگە كېرەك ئىكەن؟
ئاپپاق قارلاردىن چاپان كىيمەك ئىدىم
يۇمشاق توپىلاردا يۇمۇلاپ يۈرمەك ئىدىم
يۇمۇلاق تۈڭلۈكلەردىن يارنى كۆرمەك ئىدىم
يارەي
بۇ جان كىمگە كېرەك ئىكەن؟!

2010 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال، خوتەن

## نەي ئۈنى

قاراڭغۇ ئاسمانلار مېنىڭ ئاسمىنىم
يېگانە يۇلتۇزلار مېنىڭ يۇلتۇزۇم
ھەسرەتلىك يامغۇرلار مېنىڭ كۆز يېشىم
شاد ـ خۇرام ناخشىلار مېنىڭكى ئەمەس...

ئىشىكىم ئالدىدا قىرىقىنچى قىز
مەن شۇنداق قاراقچى قىرىق بىرىنچى.
باياۋان بېشىمدىن تاپىنىمغىچە
مەن شۇنداق مەڭگۈلۈك تەنھا يولۇچى.
ئۈستۈمدە بىر ئەسكى چاپان ئولتۇرۇر
ئىچىدە ئاداشقان زامان ئولتۇرۇر.
جېنىمنىڭ ئۆيىدە جانان ئولتۇرۇر
روھىمغا يۆگىشىپ چايان ئولتۇرۇر...
مەن شۇنداق بىر ئۆلۈم، تىرىلىپ قالغان
مەن شۇنداق بىر مۇقام، ئۆلۈكلەر چالغان
مەن شۇنداق بىر يالغان
ئالەمگە ھاياتلىقتەك چەكسىز تارالغان...

2010 ـ يىلى 11 ـ فېۋرال، خوتەن



# بىرلا ئۆلۈمدۇر

مۇھەببەت بىرلا ئۆلۈمدۇر
ئېتىقادمۇ بىرلا ئۆلۈمدۇر
سۇنىڭ قاتتىق ئېتىقادىمۇ
تاشنىڭ يۇمران مۇھەببىتىمۇ
خاتىرىلىنەر بىرلا ئۆلۈمدە

ماڭا كېلۇر بىر ئايال سىياق
ماڭا كېلۇر ۋەتەنگە ئوخشاپ
ماڭا كېلۇر شېئىردەك يوچۇن
پەلسەپەدەك تېرەن مەنىلىك
لېكىن بىرلا ئۆلۈم ئۇ ئاخىر!

2010 ـ يىلى 11 ـ فېۋرال، خوتەن

# ئون كۆڭۈلۈك ئاينىڭ ئون بىر ناخشىسى

1

يورۇق بولۇشۇم ياپراقلارغا بىزەك ئاسماقچى،
بوغدايلىقتىكى چېكەتكىلەرگە ساز ئۆگەتمەكچى.
كۆپكۆك قاناتلىرىنى يېيىپ كەڭ ئاسمان،
تېخىمۇ كەڭ ئاسمانلارغا ئۇچۇپ كەتمەكچى.

2

سۆيگەن يارىغا ئوخشىتىپ
ماڭا كىم قوشاق قاتىدۇ؟
يۇمۇلاق ئىشىكنى ئېچىپ قويدۇم...

3

مازار چاشقانلىرى بىلەن مايماق خادىلار،
يېتىم قەبرىلەر ۋە شەددە ـ بايراقلار.
يالقۇنلار ئارقىسىدا ئوينار ئۇسسۇل،
يالىڭاچ بولۇپ قاشاڭ ئەرۋاھلار.
ئۆلۈكى ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭغانلار،



جېنى تۇمشۇقىدىن ماراپ تۇرغانلار،
قەبرىستان سۈكۈتىنى ئىلىك ئالغانلار...

4

شامال قاناتلىرىنى يوپۇرماقلارغا تەككۈزۈپ قويدى،
بۇلۇتلارنىڭ كۆز يېشىنى بىر قەدەھ ئىچكۈزۈپ قويدى.
ئەتىگەنكى دەريالار كەچتە كۆرۈنمەس،
جان چىقىپ بولمىغۇچە ھەركۈنى ئۆلۈۋېرىپ بىلىنمەس،
ئالار پەرىشتىلەرنىڭ كاللىسىنى،
توختاپ ـ توختاپ داۋام قىلغان تىرناقتىكى جاللاتلار.

5

كارىۋات چېپىۋېرىپ ئادەمسىز دالىدا توختىدى
يالىڭاچ تېنىمنى سىلاۋاتقان يوتقانمۇ
تەمبۇر چېلىۋاتقان مۇقامچىنىڭ بارماقلىرىغا ئوخشىدى...
قار ئۇچقۇنلىرىغا شەيدا جەھەننەم
تەڭرى تاغلىرىدەك كۆركەم
تەڭرى تاغلىرىدەك ئېگىز ئەمچەكلەر...

6

يۇقىرىدىكى سۈكۈتتىن تۆۋەندىكى سۈكۈتكە تامچىلاۋاتقان ئاۋاز
بېشىمنىڭ باش تەرىپىدىن ۋە ئايىغىمنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن باشلانغان يولدا
بىزنى ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ غايىب بولدى...

تەڭرى بۇرۇنقىدۇر، ئادەملەرمۇ بۇرۇنقى
كېيىن ھەم تەڭرى بولار، ئادەملەرمۇ كېيىنكى...

7

توڭغان غېرىبلىق كوچىدا قوتۇر ئىتتەك دۈگدىيىپ تۇرىدۇ
ئوچاقتا دوزاخ
دەرەخلەر شاخلىرىنى دۈئاغا كۆتۈردى
دەريا قاتتىق ئازابتىن غاراسلاپ كەتتى...
دائىم يولنىڭ تېشىدا ماڭىدىغان ئادەم
نېمە دەپ يولغا كىرگەندىمەن؟!

8

قولۇمدا بىر ۋاراق ئاپپاق قەغەز
قەغەزدە
مەن سولانغان تەن تۈرمىنىڭ يوشۇرۇن ئىشىك ـ دېرىزىلىرى...

9

تۆكۈلۈكلەرنى مارايدىغان
دېرىزىلەردىن قارايدىغان
ئۈيقۇدىكى جانانىنىڭ يۈزلىرىنى سىلايدىغان
بىھايا ئوغرى...

10

گۈگۈم قىپقىزىل شارپىسىنى غەربىي تاغدىكى قارا تاشنىڭ
ئۈستىگە تاشلاپ قويدى



چىرقىراق جىنلارنىڭ ئالا گەدەن، باشلىرىنى قاشلاپ قويدى
چوڭ كوچىدا بىر بۇزۇق ماشىنا قېچىۋېتىپ ئارقىسىغا قاراپ قويدى
مېنى كۆردىمۇ يوق، بىلمەيمەن
مېيىت ئۇزاتقۇچىلار قەبرىستانلىققا بارىدىغان يولنى تاپالماي
ئېزىقىپ قالغاندا
پۇلنىڭ ئىشكىنى پەم بىلەن ئاچتىم
پەم بىلەن
ئۇنىڭ ھەممە بىساتلىرىنى ئوغرىلاپ قاچتىم..

11

قۇشلار سەيلىگە كەتكەن جىمجىت ئورماندا
قانات قېقىشنى ئۆگىنىۋاتقان يوپۇرماقلار...
ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى شانلىق ھاياتى
ئۆلگەندىن كېيىن ياتىدىغان تاۋۇتى
يىغلايدىغان قاچىسى
كۆلىدىغان قاپىيەسى
كېتىدىغان خەتلىرى
قايتىپ كېلىدىغان دەپتىرى...
ھەممە نىمىسى تەييار بىر كىشى
ئاشۇ ئورماندا...

2010 ـ يىلى 12 ـ فېۋرال، خوتەن

# چۈشۈمنىڭ مېنى سەيلى قىلدۇرىدىغان ۋاقتى

چۈشۈمنىڭ مېنى سەيلى قىلدۇرىدىغان ۋاقتى
تاڭ سەھەردىكى ئادەم ئۆلىدىغان چاغدۇر

شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا
ئىشكلەرنىڭ مۇلايىمغىنە چېكىلىشلىرى...
كونا تۆگمەندىن قايتقان جىننىڭ
بېشىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئېتىپ يۈگرەشلىرى...
ئۆلۈپ كەتكەن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچۇم قادىر روزى
ياشاۋاتقان ئەبەي ساتىراچ
قوغۇنلۇق يولىدىكى خوتەن ۋە قەشقەر
ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ قاناتسىز ئىكەنلىكىم يادىمغا كېلىپ
كۆك قەرىدىن موللاق ئېتىش
يالىڭاچ ئىكەنلىكىمنى تۇيۇپ قېلىپ چوڭ بازاردىن كۆزۈمنى
يۇمۇپ قېچىش
بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئالدىمغا كېلىدىغان ئىش
قىيامەتنىڭ ئاسماندىن كېلىدىغانلىقى
ناتونۇش ئايال...

2010 ـ يىلى 12 ـ فېۋرال، خوتەن

# مۇڭ - زار...

مەغرۇر چاقماقلارغا كۆكسۈمنى ياقتىم
ئاسمان دەشتلىرىدە بولۇپ غەزەلخان.
ۋۇجۇت دەپتىرىدىن بىر ۋاراق ئاچتىم
ئۆلۈم مەرىپىتىگە ياندۇرۇپ گۈلخان.
سەھەر ئەينەكلىرىنىڭ گۈلشەنلىرىدەك
جېنىم بارماقلىرىدا رەڭگارەڭ ئەجەل.
ياڭرار تەقدىر ئەزەلىنىڭ كىشەنلىرىدەك
ھەر بىر تۆكۈمدىن تۆمەنمىڭ غەزەل.
سۈنىڭ قۇياشنى ئالقانغا ئالدىم
ئوتنىڭ رەھنەماسى دوزاختا قالدى.
جاننىڭ جانانىنى قوينۇمغا سالدىم
كۆزلىرىم يۇلتۇزلارغا نۇر بېرىپ تالدى.
كۆڭلۈم سەھراسىدا قاۋايدۇ ئىتلار
روھ جاڭگىلىمدا يارىدار بۆرە.
تېنىمنىڭ قۇرۇپ كەتكەن تەكلىماكانىدا
تۆرىمەن توغراقلاردەك يىل بويى ئۆرە...

2010 - يىلى 15 - فېۋرال، خوتەن

## ئەتىر كۆڭلىكىنى يامىۋالغان قىز

ئاسمان يېقىلغاندا چېچىلغان يۇلتۇزلارنى
بويىنىغا مارجان قىلىپ ئېسىۋالغان قىز،
يەر تەۋرىگەندە غۇلاپ چۈشكەن ئىمارەتلەرنى
قاراڭغۇ قوشاقلىرىغا قېتىۋالغان قىز،
جەسەتلەرنى يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ
ئەتىر كۆڭلىكىنى يامىۋالغان قىز،
بىھوش لەززەتلەرنى كىرپىك قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپ
كۆز ياش قامچىلىرىدا ئاتلارنى ھەيدەپ
كۆزۈمنىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن
خىلۋەت چۈشلىرىمگە كىرىۋالغان قىز...

2010 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال، خوتەن

## سەن ئۆزۈڭ سۆيۈپ قوي، سەن ئۆزۈڭ...

يىغلاپ قەبرىستانلىقنى نۇرغا تولدۇردۇم
شەددە ـ بايراقلارنى لەپىلدەتتىم
ئېگىز قەبرە خادام
كېچىدە تۇلۇن ئاينى پەرۋانە قىلدى...
بىراق
قاراڭغۇ ۋە جىمجىت گۆرۈمدە
كارىۋاتمۇ يوق، جىن چىراغمۇ يوق
تېۋىش يوق، چېكىلگۈدەك ئىشىكمۇ يوق
تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق
قەلبىم تەگرىگە ئاز قالدى
يوق بولۇشۇمغا ئاز قالدى
تېنىم تۇگىدى
پەقەت ساڭا تەلمۈرگەن لەۋلىرىملا قالدى
سەن ئۆزۈڭ سۆيۈپ قوي، سەن ئۆزۈڭ...
ئەي سۆيگۈچى قىز، ئەي سۆيگۈچى قىز!...

2010 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال، خوتەن



# ئادا

قۇياش، ئاي ھەم يۇلتۇزلارنى ئاسمانلارغا تاپشۇردۇم
جانۇ ـ تەن ھەم جاھانلارنى جانانلارغا تاپشۇردۇم
نەغمە ـ ناۋا، ئىشرەتلەرنى ئايۋانلارغا تاپشۇردۇم
باش ـ پاناھسىز خەلقلەرنى سۇلتانلارغا تاپشۇردۇم
ئادەمسىز چۆل، ئورمانلارنى ھايۋانلارغا تاپشۇردۇم
يالغۇز، غېرىب تەگرىنى مەن ئىنسانلارغا تاپشۇردۇم...

2010 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال، خوتەن

# مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام

مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام
جەننەت، دوزاخ ئارىسىدا مەن...

چىرقىرىشار ئالۋاستىلىرى
ناخشا ئېيتار پەرىشتىلىرى
قىرغىن قىلار دەل ـ دەرەخلەرنى
قەلبىمدىكى يېرىم كېچىدە...

ئاز قالغاندا قۇياش بولماققا
ئۆچۈپ قالغان قارا چىراغقا
كېپەن ياپار قاپقارا ئاسمان...

مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام
ئەجەل ئاتلىق ماشىنا بىلەن...

2010 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال، خوتەن

## سۆيۈشۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى

ئالقانلارغا كىرگەندە ئۆلۈم
چاچرىغاندا يۈرەكلەرگە چوغ...

ئەينەكلەردىن چىققاندا ئاسمان
قارا چاچلار بولغاندا مەجنۇن...

كېپەنلەرنى يىرتقاندا نالە
بارماقلاردىن قوپقاندا مۇقام...

غايىب بولۇپ قۇياش تۇساتتىن
ئىككى دۇنيا قۇچاقلاشقاندا...

ماشىنلار، ئېگىز بىنالار
كوچىدىلا ئۆلۈۋالغاندا...

يالىڭاچلاپ قىزىلگۈللەرنى
ئۇسسۇل ئويناپ كەلگەندە باھار...

2010 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال، خوتەن



# كۆيۈۋاتقان مېنىڭ يۈرىكىم

كۆيۈۋاتقان مېنىڭ يۈرىكىم
مۇزلاپ قالغان مىسرالىرىم ھەم،
دېڭىزدىكى مېنىڭ يايلىقىم
سوۋۇپ كەتكەن خۇنۇك جەھەننەم...
ئاستا ـ ئاستا چىقىۋاتقان جان
ئاستا ـ ئاستا كېتىۋاتقان مەن،
بارماقلىرىم چىلىۋاتقان نەي
كۆك بۆرىدەك ھۇۋلاۋاتقان تەن...
پايانى يوق ئاپپاق كارىدور
ھالسىزلانغان كېسەل كارىۋىتىم،
ساڭگىلىتىپ پۇتىنى گۆرگە
چۆچەك ئاڭلاپ ياتقان جەسىتىم...

2010 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال، خوتەن

## ... چۆلدىن كېلىمەن

قۇرۇپ كەتكەن چۆلدىن كېلىمەن
ساڭا بىر دەريا سۆيگۈ بېرىمەن.
قاپقاراڭغۇ تۈندىن كېلىمەن
ساڭا بىر ئاسمان يۇلتۇز بېرىمەن.

مەيىن شامال مېنىڭ تىنىقىم
ياپراقلىرىڭ شىلدىرلىغاندا.
ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان
يۈرىكىڭنىڭ قەلەندىرىمەن.

توختىماستىن تۇرغان لاۋۇلداپ
دوزاخلارنىڭ بىرى مەن تۇرسام،
سەلتەنەتلىك ئىشقىڭدىن قايتسام
جەننەتلەرگە قانداق كىرىمەن؟!...

2010 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال، خوتەن



## سۆيگۈ بىزنىڭ ئىللىق ئۆيىمىز

ئەمدى بىزگە تەنلەر باياۋان،
ئەمدى دىللار يامغۇرلۇق ئاسمان.
يۈرەكلەردە تەمبۇر ناۋاسى
دەھشەت مۇقام بۇ تىمتاس جاھان...
ئۆلۈكىمىز قۇچىقىمىزدا
يورۇق گۆرىمىز بىر - بىرىمىزگە.
جەننەتلەرنى تاشلاپ كېلىمىز
سۆيگۈدىكى ئۆز ئۆيىمىزگە.
بارماقلىرىم قاندۇرار سۇغا
چېچىڭدىكى مەختۇمسۇلانى.
بوران بولۇپ كېزەرمەن ھەيۋەت
تېنىڭدىكى شۇ كەربالانى.
بۇ ئالەمدە سېنى بار دېدى،
چىقتى تەڭرى ئېگىز ئاسمانغا.
ئۆزى كىرىپ يوشۇرۇندى ھەم
ساڭا بەرمەك بولغان بۇ جانغا.
ئەتراپىمىز قورشالغان تامام
ماشىنىدەك ئالدىراش ئادەم،
پۈتكۈل ئايال سېنى بار دېدى
غەرق بولدى ساڭا ھەممىسى...

2010 - يىلى 25 - فېۋرال، خوتەن

# قەسەملىرىم ئىشىك ئالدىدا

قەسەملىرىم ئىشىك ئالدىدا
يىغلاپ قايتتى يۈرەكتىن پىچاق.
يالغۇز قالغان ۋىسال ئاخشىمى
يۇلتۇزلارغا قىلماقتا چاقچاق.
نېمە دېگەن ھەسرەتلىك شېئىر
يول بويىدا تۇرغان تېرەكلەر.
ماشىنىلار ئېلىپ قاچماقتا
تولغان كاسا، يۇمران ئەمچەكلەر.
بىنالاردا شاراقلايدۇ پۇل
ئۆلتۈرۈۋەت!... دەيدۇ ناخشىلار.
ياشىيالماي كەتمەكتە قېچىپ
بۇ دۇنيادىن بارچە ياخشىلار.
شاراب قۇي ئەي... تەڭرى ئۈچۈن قۇي
شاراب قۇي ئەي... ئادەم بولغانغا.
ئۆلۈكۈمنى ئۆزۈمگە قالدۇر
تىرىكىمنى قىرىق يالغانغا...

2010 ـ يىلى 26 ـ فېۋرال، خوتەن

## مەن سېنىڭ باشپاناھىڭ دېگىنىمچە...

تۈن شامىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋارقىدىن
ئۆمۈلەپ چىقىپ باغرىڭغا كىرىمەن.
ئېقىۋاتقان ئەتىرگۈلنىڭ قورام تاشلىرىدىن
يېرىلىپ سېنىڭ قۇچىقىڭغا كىرىمەن.
مەن سېنىڭ باشپاناھىڭ دېگىنىمچە
ئايىغىڭغا تىزلىنىمەن...

2010 ـ يىلى 26 ـ فېۋرال، خوتەن

## يوپيورۇقتۇر قەلبىمدىكى جاي

يوپيورۇقتۇر قەلبىمدىكى جاي
بىھوش بولدۇم لېۋىڭدە ئاي ـ ھاي
ئالقىنىمدا ئاتەش چېچەكلەر
يامغۇر ياغار تەبەسسۇم بىلەن.
چاچلىرىڭنىڭ بۇلۇتلىرىدا
تونۇشمايتتىم سېنىڭ بىلەن مەن.
كۆزۈڭ بىلەن خىيال سۈرۈشكە
چاچلىرىڭدا سەۋدايى شامال.
ئۆلۈۋېرىپ تۇگەي دېگەندە
ئىككى دۇنيا ـــ ئەر بىلەن ئايال...
نېمە ئۈچۈن پەقەت ئىككىمىز
نېمە ئۈچۈن سېنىڭ بىلەن مەن؟
قۇچاقلىشىپ ئۆلۈپ كېتىمىز
گويا مۇراد تاپقاندەك ۋەتەن...

2010 ـ يىلى 26 ـ فېۋرال، خوتەن

# شېرىن چۈشلەر پەلەمپىيىدە

باھار بىلەن ۋەسلىڭ كەلمىسە
مەن توزارمەن ئېچىلغاندا گۈل.
قەلەندەرلىك تونىنى كىيىپ
باياۋانغا كېتەر بۇ كۆڭۈل.
مۇئەللەقتە يالغۇز ئولتۇرۇپ
بۇ ئالەمگە قارىغاندا مەن
كۆرۈنىسەن كۆزۈمگە بىر سەن.
سىيمايىڭنى يۈرەككە تېڭىپ
توختىماستىن يۈرەرمەن مېڭىپ
جەننەت ـ دوزاخ ئارىسىدا مەن.
شېرىن چۈشلەر پەلەمپىيىدە
كۆڭلىكىڭنى سالغاندا لەرزان،
كېپىنەكتەك ئۇچۇشار لەپ ـ لەپ
ۋۇجۇدۇڭدىن يەتتە قات ئاسمان.
ئۇزاق ئۆلۈم ئاچچىق شارابتەك
جىمىرلايدۇ سۈپسۈزۈك تەندە.
مەست بوپ قالدۇق ھەر ئىككىلىمىز
دۇنيا ھازىر سەندە يا مەندە...

2010 ـ يىلى 26 ـ فېۋرال، خوتەن

# باھار كەلگەن ئوخشايدۇ

شېئىردەك بىر قىزغا تەلپۈندى يۈرەك
قەلبىمدە ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە جاھان.
ئون ئىككى مۇقامنى قىلماقتا مەجنۇن
تەندىكى جاڭگالدا كېتىۋاتقان جان.
قولۇمنى كۆتۈردۈم، كوچا تاختىسى
بىر قىزغا ئىشارەت قىلماقتا تاڭنى.
چىرايلىق جانانلار قىلماقتا ئەتلەس
شامالغا ئەگەشكەن سەرسان ئاھاڭنى.
شاخلاردا شىلدىرلار مۇلايىم ھاۋا
سۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاقماقتا شەربەت.
كۆڭلۈمنى سۆيگۈگە توشقۇزماقتا لىق
ئاياللار تېنىدەك مۇنبەت تەبىئەت...

2010 ـ يىلى 1 ـ مارت، خوتەن

## ئاھ!!!...

مېنىڭ ئۆلۈمىمنى، مېنىڭ سۆيۈشلىرىمنى
مېنىڭ جاراھەت باسقان ناخشىلىرىمنى
ياۋايى يۈرىكىمنى، ئەسەبىي تالانتىمنى
قايتۇرۇپ بەر
يىرىم كېچىلەر
پەرىشتىلەر قاۋاپ يۈرەر
ئۇچقۇر ماشىنىلار، ئېگىز ئىمارەتلەر
قىپقىزىل پۇللىرىڭنى ئال
ئۈستۈمدىكى ئاسماننى ئېلىۋەت، ئاستىمدىكى يەرنى تارتىۋال
مەندە مەن ياشاۋاتقان شېئىرلار
مەندە مەن سۆيۈۋاتقان جانانلار
مەندە مەن ئۆلۈۋاتقان مەيدانلار
مەندە مەن بولمىغان جاھالەت
مەندە مېنى ئوقۇۋاتقان ھېكايە
مەندە مېنى قۇتقۇزىدىغان تەڭرى...

2010 ـ يىلى 1 ـ مارت، خوتەن

## قولۇمنىڭ قوللىرى قولۇڭدا قالدى

قولۇمنىڭ قوللىرى قولۇڭدا قالدى
باياۋان لېۋىڭگە يىغلاپ تاشلىدىم.
كۆزۈڭدە كەتتىممەن يالاڭئاياغ
تېنىڭدە تېنىمنى شۇنداق باشلىدىم؛
شامالغا ئەتلەسنى سەن ئۆگەتكەنمۇ،
ئۆلۈمنى ئۆلۈشكە سەن ئۆگەتكەنمۇ؟
بىرىنچى ئاسماندا قۇچىقىڭدىكى
قۇياشنى كۆيدۈرۈپ سەن تۆگەتكەنمۇ؟!...
چېچىڭدا بۇلۇتلار ماڭدى باھارغا
قامچىلار تاراسلاپ تەگدى يۈرەككە.
يامغۇرنىڭ قانىتى چىلىق ـ چىلىق سۇ،
چۈشۈمدە سەن يوقمۇ مەندىن بۆلەككە؟
دەرىخا، قولۇڭدا بىر قەدەھمەن
ئىچ مېنىڭ ۋەسلىمنى مەس بولغۇچە تا.
قىيامەت كەلگەندە هارۋىنى ھەيدەپ
تۇرايلى سۆيۈشۈپ تەڭرى ئالدىدا...

2010 ـ يىلى 2 ـ مارت، خوتەن

# ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈم ئالدىدا...

ئۆلۈپ كەتسەم قەبرەم بولارسەن
دەرەخلەردەك سۈكۈت قىلارسەن
...
كۆڭلۈمدىكى پەلەمپەي بىلەن
ئاستا ـ ئاستا كەتتىڭ ئېگىزلەپ.
سەندىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى
بۇ ئالەمگە ئىشقىمنى سۆزلەپ...
كېلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن
بېكەت ئىللىق ئاچماقتا قۇچاق.
كۈتۈشلەردە قالارمۇ ئۆچۈپ
كۆزۈمدىكى قاراڭغۇ چىراغ؟
يەتكۈزەرمۇ ھەسرەتلىرىمنى
ئۇخلىمىغان ئۇزاق دەريالار؟
كوچىدىكى جەسەت ئۈستىگە
كېپەن يېپىپ تۇرغان نىدالار؟!...

ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈم ئالدىدا
كۆرگەن دۇنيا ئاھ سەن، چوقۇم سەن!

2010 ـ يىلى 3 ـ مارت، خوتەن



# ھالال قەبرىستان

چاچلىرىڭنى سۇمبۇل قىلىشقا
دەريا بولۇپ كەلدىم مەلىكەم.
كۆزلىرىڭنى قارا قىلىشقا
كېچىلەردىن سۈزدۈم دەرد ـ ئەلەم.
ياپرىقىڭنى شىلدىرلىتىشقا
لەپىلدەتتىم مەجنۇن شامالنى.
ئۆلتۈردۈم مەن شېئىرلىرىمدا
سەندىن باشقا ھەممە ئايالنى.
ئېشىپ قالغان ئاخىرقى ئەجەل
چىرماشماقتا روھىمغا خەندان.
چۈشلىرىڭگە كىرەرمۇ پات ـ پات
ئېھ، مەن ياتقان ھالال قەبرىستان.

2010 ـ يىلى 3 ـ مارت، خوتەن

# بۇنداق ئۆلۈمنى ياشىيالمايمەن

دېرىزىدە ئىگىسىز ئايال
سەھەر چالغان سازەندە خىيال
تۆت تامدىكى زۇۋانسىز بۇلۇت
كارىۋاتتىكى چۈش ئەخلەتلىرى...
بۇنداق ئۆلۈمنى ياشىيالمايمەن
سۆڭەك نەيگە ئىخلاس قالمىدى.
يىراق سايلارغا ئېيتار ئەلۋىدا
يۈرەكتىكى ئات تۇياقلىرى.

2010 ـ يىلى 12 ـ مارت، خوتەن

## يامغۇردىكى دىرىزىلەردە

چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن دەريادا
ئېقىۋاتقان ئايال تەنلىك ئەرۋاھلار.
سۇمبۇل چاچلار ئېتىۋاتقان ئۈستەڭگە
چالما ئاتقان ئاسماندىكى ئىلاھلار.

جىمجىتلىقنىڭ قامچىسىدەك ھەسرەتتە
سىنىڭ ئىسمىڭ مېنىڭ ئىسمىم رەڭگىدە.
يوپۇرماقلار قۇشلار ئۈچۈن توقۇغان
يېشىللىقنىڭ داستانلىرى ھەققىدە...

باياۋانغا سۇغا ماڭغان كاككۇكلار
ھايات بىلەن ماماتنىڭكى پەرقلەر.
ئۆلۈۋېتىپ ئويغىنالماي چۈشىدىن
ھايات قالغان كارىۋاتنىڭكى خەلقلەر.

ئەتلەس توقۇپ ئۇخلاپ قالغان بىر موماي
ئەتلەسلىرى بىر توقۇلۇپ، توقۇلماي
ئەينەكتىكى ئاشۇ باھار يامغۇرى...

2010 ـ يىلى 19 ـ مارت، خوتەن

## ئەينىكىڭ تۇماندا بولدى باراقسان

ئەينىكىڭ تۇماندا بولدى باراقسان
دىلىڭنى پىراققا ئەگدى بىر باياۋان
ئاۋازدىن چېچىڭنى سۇغۇرۇپ ئالدى
جېنىڭنى ئەجەلدىن سۇغۇرۇپ ئالدى
چۈشۈڭنى زۇلمەتلىك قاچىغا سالدى
تېنىڭنى مۇھەببەت نېمىگە چالدى؟
ئاھ، قارا بېشىڭنى قازانغا سالدى...
قۇياش يوق ئاسمانغا تەلمۈرمەكتىسەن
يار يوق جەننەتكە يۈگۈرمەكتىسەن
مۇزلىغان ئۆلۈمگە روھىڭنى قاقلاپ
ئاھ، سېنىڭ دوزاختا ئۆتكەن كۈنلىرىڭ...

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل، خوتەن

# تاشنىڭ ئىچىدە تاش يوق

تاشلار ئىشكىنى ئېچىۋەتتى
شامالدا ئۇچۇپ يۈرەر ئۆلۈم ۋاراقلىرى.
جېنى جەھەننەمدە ئەمگەكچى خەلق
چېچى خىيالىمدا يار تارغاقلىرى.
بىسمىللاھ دەپ تۇتقىنىم بىر تاش
پۇتلىرىم ئاستىدا شىرىقلىغان مارجانلار.
كۆزلىرىدە لىق ياش
نالە قىلىپ ياتقان ھايۋانلار.
ئاپئاق ھاياجاندا قېتىپ قالغان سۇ
چۇش كۆرۈۋاتقان سەبىي كۆك ئاسمان.
ئىچ ـ ئىچىدىن يورۇپ، نۇرلىنىپ
ئاستا ـ ئاستا چىقىۋاتقان جان...
تاشنىڭ ئىشكىدىن كىردىم،
تەمبۇر چېلىۋاتقان سازەندىلەر بار
ھاشاردىكى ئىشلەمچىلەر بار.
تاشنىڭ ئىچىدە تاش يوق
ئىللاھى ـ بىللاھ! ...

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل، خوتەن

# سۈبھى دەريانىڭ بىر قانىتى

سۈبھى دەريانىڭ بىر قانىتى
يورۇق سەپەرگە ماڭدى يولۇچى
يۈرەككە ساڭگىلىدى پىراقىنىڭ شىخى
ئۆلۈم ئۆلتۈرۈلۈپ باقمىدى تېخى...
داپ چالغاندەك قىزغىن ۋە سارالڭ
قېنىمنى ئوچۇملاپ كوچىغا چاچساڭ
بىھوش قىلىچىمدا ئولتۇرساڭ
ماشىنا كوچىلاردا ئاققان سۇ
يىغلىساڭ ھەر كۈنى كۆتۈرۈلىدىغان قۇياشقا
قاقاقلاپ ئېچىلساڭ گۈلدەك تەلۋە
كېپەندەك تامچىلىساڭ بىر تامچە ياشقا
ساڭا ئامال يوق مەندىن باشقا...

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېل، خوتەن



# ئىككىمىز

شېئىر ئۆلگەندە بىز ئىككىمىز
ئۆلۈم ئۆلگەندە بىز ئىككىمىز.
قۇچاقلىشىپ تۇرغاندا بىز يوق
تەلمۈرۈپ يۈرگەندە بىز ئىككىمىز.
قانىتىمىز قۇشنى ئاسمانغا چىقىردۇ
ئايغىمىز يەرنى مۇقەددەس قىلدۇ
بىر ـ بىرىمىزگە بارايلى، ئۆزىمىزدە تۇرمايلى
بىر ـ بىرىمىزگە تولايلى، ئۆزىمىزدە بولمايلى
لاۋۇلدايلى، ئۆچۈپ قالمايلى.
بەكمۇ مۇقەددەم ئەرشى ـ ئەلادا
تاڭلا قىيامەت سۇبھانااللادا
مۇھەببەت ھەرچاغ ئوتتۇر، يالقۇندۇر

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېل. خوتەن

# يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل

يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل
قاراڭغۇ قۇشلىرىڭنى باشلاپ كەل
ئۆرۈك چېچەكلىرىدىن توزۇپ ناز
مۇقام مەرغۇللىرىدىن قۇيۇنتاز
توغراق شاخلىرىدىن باياۋان
بوم پەدىدىن داپ
نەيدىن تېرەكلەرگە يامشىپ
سونايدىن يالىڭاچ
ساتاردىن يالاڭئاياغ
تەمبۇردىن مىڭ قەلەندەرنى
راۋاپتىن ساراڭ جىنلارنى
ئۆلۈم ھارۋىسىنى ھەيدەپ
ھارۋىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتنە
دوزاخقا ئوت قالىغلى بارايلى...

2010 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېل، خوتەن

## يۇلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا

يۇلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا
تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن چۈشۈمدىكى كارىۋاتتىن چۈشۈپ
ساڭا ياستۇقۇمدىكى دېڭىزدىن قۇرۇقلۇق ئىزدەيمەن.
باھاردىن يەلپۈگۈچ، يامغۇردىن چىراغ
سۇدىن ئەينەك، ئوتتىن تارغاق
تاغدىن چېچەكلىگەن بۆرە
باغدىن يىغلاۋاتقان سەھەر
ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق قەغەز ئىزدەيمەن...
ساڭا مەن سۇمبۇل چاچلىرىڭنىڭ نەمخۇش شاملى
بورانلار ئېچىۋەتكەن مۇقام سۆڭىكى
ئوڭدا ياتقاندا غۇنچىلىغان ئەمچەك بارخان
ئەرۋاھ قوشاقلارنى ئاڭلىغانچە شاراب ئىچىۋاتقان تەكلىماكان
يوتاڭدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن قىرغاق
ئىزدەيمەن....

ئىزدەپ تاپقىنىمدا سەندە مەن
مەندە مەن يوق، يىغلايمەن!...

2010 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل، خوتەن

# قوۇم بىلەن چۆل، خوتەن بىلەن مەن

يورۇڭقاشنى تۆكتى قاشتېشى
نەۋبىتىنىڭ غەزەللىرىگە.
چىن ماچىننى كۆمدى زەلىلى
يارنىڭ نازۇك بەدەنلىرىگە.

توغراقلارنى سالدى ئۇسسۇلغا
قەلەندەرنىڭ تەكلىماكانى.
هالقىپ ئۆتتى سانسىز كېچىدىن
مۆجىزىنىڭ يورۇق كارۋىنى.

نەزمىسىدىن تۇردى هەر سەهەر
ئون سەككىزگە كىرىپ تەجەللى.
ئۆلسەم تەگرىم يالغۇز قالار، دەپ
ئەزرائىلغا بەردى تەسەللى.

دېدى: ئۆلۈم قەغەزدۇر ئاپئاق
شېئىر يازماق ئۇچۇن هاياتقا.
قوندى قۇشتەك ئىسمائىل هاجى
ئاسمانلىرى تۈزگەن قاناتقا.

سالام بىرەر ھەر تاڭ قۇياشقا
قانات ياساپ تۇرغان قەبرىلەر.
ئۆللتار ئېھ، ئانا ماكانىنى
ئۇلار يازغان ئوتلۇق سەترىلەر...

قۇم بىلەن چۆل، خوتەن بىلەن مەن
قول تۇتۇشۇپ ماڭدۇق ئەتىگە.
مۇقاملارنىڭ ئەڭ كونىسىنى
توۋلىغانچە يېڭى پەدىگە...

2010 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل، خوتەن





# يورۇق تۈندىن بىر جام ئەكەلدىم

يورۇق تۈندىن بىر جام ئەكەلدىم
يارىم سېنىڭ خىلۋەت تويۇڭغا.
لەڭگەر تاشلاپ ماڭدى بورانلار
ئۇخلاپ قالغان زۇمرەت بويۇڭغا.

قەبرىلەردىن چوڭقۇر لەھەتكە
ئىچكىرلىدىم غېرىب جەسەتكە.
لىق توشقۇزدۇم قايغۇ ـ ئەلەمدىن
قوشاقلارنى ئالتۇن سېۋەتكە.

كۆڭلىكىڭنىڭ شامالLIRIDA

يەلكەن تارتىپ ماڭدى كۆك دېڭىز،
چاچلىرىڭنىڭ كۆيۈك پۇرىقى
جەھەننەمدىن ئۆرلىدى ئىگىز.

سۇ تېنىڭنى ئاسمانغا يىغلاپ،
ئوت قاقاھلاپ ئايلاندى كۆلگە.
چۆكۈپ كەتتى توپ ـ توپ بۇلۇتلار
باغرىڭدىكى پايانسىز كۆلگە...

2010 ـ يىلى 13 ـ ئاپرېل. خوتەن



# ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام

ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام
چېچىم ئۆركەشلەر شاماللارنىڭ قەلەندىرىگە
ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام...
مەندە مەندىن باشقا ھېچكىم يوق
مەندە مەندىمۇ يوق يالغۇزلۇق
مەندە چىقىپ كەتكەن ئايالنىڭ بوش كارىۋىتى
مەندە قايتىپ كېلىدىغان ئايالنىڭ زىبۇ ـ زىننەت ساندۇقى
مەندە كەلمەيدىغان، كەتمەيدىغان ئايالنىڭ قۇرۇپ قالماس ئىلھام بۇلىقى

سازلار ۋارقىرار قاندىن سۆڭەككە
يېتىپ بارالماس ھېچبىر كارۋان تەشنا يۈرەككە
كۆرمەس چۈشلەرنى كېچىلەردە نە قىلاي؟
قېچىپ يۈرگەن ئاسمان بىلەن ئەگەشمىگەن دۇنيانى
ئەينەك دېرىزىنى ئاچقاننى، ئۆلگەن ئادەم قېپىيالىغاچ قاچقاننى
سۇدىن تار ئەشكەننى، ئوتتىن ۋىل ـ ۋىل تۆگمىلەرنى يەشكەننى
ئاھ!...
قاراڭغۇدىن يورۇق يۈزۈم كۆرۈندى
ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام!

2010 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېل، خوتەن

## ئويناپ يۈرۈپ ئۆلەرمەن

جېنىم قۇشنى ـ هەي
تېنىم قەپىسنى ـ هەي
كېلىپ چوقۇما...
بېگانەمسەن
ئالتۇن يورۇق ئاستانەمسەن
سۇ پۈراقلىق نەرگىز گۈلۈم
يەل قاناتلىق پۈرۈم ـ پۈرۈم
ئويغاق چۈشۈم، ئەپسانەمسەن...

چېچەكلىرىكى قارا قاغىلار
ئاسمانلىرىم يارىدار
كۆڭلۈمدىكى خانىقادا قىلىچسەن.
شولاڭ قايتماس يۈرەككە
قىرىق كېچە كىرپىكلىرىن ئەگىپ ئۆتۈپ كۈندۈزگە
داپ داراڭلار سېنى ئويلاپ سەهەر ـ تۈن
ئويناپ يۈرۈپ ئۆلەرمەن!...

2010 ـ يىلى 18 ـ ئاپرېل، خوتەن

# خوراز چىللار جىندەك لاۋۇلداپ

خوراز چىللار جىندەك لاۋۇلداپ
قۇرۇپ كەتكەن دەشتى ـ ئەجەمدە.
ئۇلتۇرارمەن ئاينى قۇچاقلاپ
ئۆلتۈرۈلگەن دەردى ـ ئەلەمدە.

گۈل قىزغىنار ياپراقلىرىدىن
ئەينەك سۇنار ئاسماننى ياشاپ.
سۇ يىقىلار تەشنالىقىغا
تاشلار قاتار چەكسىز ۋارقىراپ.

ئەزرائىلنىڭ كەلسە مەيىسى
جىرىڭلاتقىن قوڭغۇراقنى سەن.
يارىم، مېنى ساڭا باشلىماي
قاچانغىچە مەندە يەنە مەن؟!...

2010 ـ يىلى 21 ـ ئاپرېل، خوتەن

## ئايدىن گۈزەل

سېنى ئەستەرلىگىنى گۈل غۇنچىسى
سېنى شىلدىرلاتقىنى مەيىن ياپراق
سېنى چوڭقۇرلاتقىنى سۈزۈك سۇ
سېنى بويلىغىلى ئېگىز تاغ...
ئوتقا ياپىرىم دەپ كىرەر ئوتۇن
كەينىگە قارىمايدۇ شارقىراتما
تۇپراق ئىچىدىكى جەسەتلەردە
ئاسمان ئەينەكتىكى دەرەخلەردە
جىنلار كۆڭلىدىكى تىرەكلەردە
دۇنيا قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنىدا
نەقەدەر ياڭراقسەن ـ ھە تۆكۈلسە قان!
نەقەدەر قىزغىنسەن ـ ھە چىققاندا جان!!...
ئۇرۇشلار ساڭا خويمۇ يارىشىدۇ
ساڭا ئۆلۈپ تۇرۇپ قارىشىدۇ
ئۆلۈملەر ئىچىدە سەن ئايدىن گۈزەل
كۆزلەر قامىشىدۇ، قامىشىدۇ...
قىسسە تۈگىگەندە سەن يالىڭاچ
قارىسا يوق بولسەن، تۇتسا يوق بولسەن
ماڭسا يوق بولسەن، توختىسا يوق بولسەن
سېغىنىش، ئېلتىجالار ئىچىدە سەن
قىيامەتكىچە يوق تۇرىسەن...

# ئىسمىڭنى مىخلىدىم قاقشال يۇرەككە

ئىسمىڭنى مىخلىدىم قاقشال يۇرەككە
چىرايلىق بولۇتتىن كېلەر لەپىلدەپ.
چاچلىرىڭ چاپتۇرغان قىقاس ـ سۇرەندە
قارىغۇ خىياللار تۇرار كېكەچلەپ.

چۆللەرنى يېتىلەپ يۇرەر ئاۋازىڭ
قىپقىزىل كۆڭلىكىڭ ياڭرايدۇ تاڭدا.
بارمىقىڭ چالىدۇ سەۋدايى جاننى
ئۆلۈمدەك خۇشخۇي ۋە قىزغىن ئاھاڭدا...

سوغۇق ئاي ئەينەكتە ياتار يالىڭاچ،
ئەرىشتە جىمىرلاپ تۇرار مىڭ جەسەت.
دوزاختەك ئىشقىڭنىڭ گۈلزارىدا مەن
جانانىم، ئوت بولۇپ ياناي تا ئەبەد!

2010 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل، خوتەن

# كوچاڭدا كوچاڭنىڭ قاراڭغۇ چۈشى

كوچاڭدا كوچاڭنىڭ قاراڭغۇ چۈشى،
كوچاڭدا يۇلتۇزلار ياتقان لەھەتلەر.
كوچاڭدا يوپيۇرۇق ئاي قەبرىستانلىقى،
قۇياشنىڭ قەلبىدىن قاچقان جەسەتلەر.

كوچاڭدا سۆيگۈنىڭ لالما ئىتلىرى،
كوچاڭدا كوچاڭدىن ئاداشقان كارۋان.
ئىتتىرىپ كوچاڭنىڭ دەرۋازىسىنى
قۇم بولۇپ چېچىلغان ئاپئاق ئۇستىخان.

كوچاڭدا كوچاڭنى كەزگەن بىر كوچا،
كوچاڭدا كوچاڭدىن ئۇزۇن بىر چۆچەك.
كوچاڭدا جەننەتكە تۇرغان نۇر چېچىپ
دوزاختەك قىزغىن ۋە ئوتلۇق مۇھەببەت!...

2010 ـ يىلى 29 ـ ئاپرېل، خوتەن

## مېنى سات پەلەك

دەرۋازام ئېچىلىق يارنىڭ ۋەسلىگە،
يۇلتۇزنىڭ نۇرىغا مېنى سات پەلەك.
ئۆلۈمىم ياڭرايدۇ قۇمنىڭ تارىدا
ئۆزۈمنىڭ غارىغا مېنى ئات پەلەك.

گۈل بىلەن ئوقيانى تىزدىم يۈرەككە،
ئىشقىنىڭ زارىغا مېنى قات پەلەك.
يۈزۈمنىڭ قاراڭغۇ خانىقاسىدا
ئاشقى غېرىبتەك بىردەم يات پەلەك...

2010 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل، خوتەن



# ئاخىر بىر مەشرەپى، ئاخىر بىر غوجى

سۇمبۇللار نېمىشقا مەجنۇن بولاركىن،
بۇلبۇللار نېمىشقا مەجنۇن بولاركىن؟
مەن كۆيۈپ تۈگەتكەن يارنىڭ پىراقى،
قەلبىمدە قاچانمۇ ۋەيلۇن بولاركىن؟!

سۆزۈمنى باشلىسام ئالەم تۈنەيدۇ،
يەردىكى ئاسماننى قاپلايدۇ نالەم.
جېنىمدا قەبرەمنىڭ ئۆچكەن چىرىغى،
لاۋۇلداپ تۇرىدۇ دوزاختا لالەم.

كېتەيمۇ چۆلدىكى تەمبۇرغا غەزەل،
كېتەيمۇ سەھرالار كەزگەن مۇخەممەس.
ئاخىر بىر مەشرەپى، ئاخىر بىر غوجى
ئۆزۈمنىڭ ۋەسلىدىن بولاي مەست ـ ئەلەس...

2010 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل، خوتەن

## يالغۇز قەلبىم

قەلبىمنى قىيپالىغاچ قىلىپ تۇرغىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟
...
سەھەر ـ ئاخشاملىرىمنى ساڭا تولدۇردۇم
قۇياش مەرىكىسىگە ماڭغان چۈشلىرىمنى ساڭا تولدۇردۇم.
مۇھەببىتىمگە بىر قوشۇق ھەسەل قوشۇپ
يۈزۈمدىكى يەنە بىر نۇرلۇق يۈزنى ساڭا تولدۇردۇم.
سۆزلىرىمگە دەرۋازىلار مىخلانغان بولسىمۇ
سىرلىرىمنى ساڭا تولدۇردۇم.
قەبرەڭدىن قوپۇۋېتىپ ئارقامغا قارىمىدىم
سېنىڭ چالا قالمىغانلىقىڭغا ئىشەندىم.
ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىق
ئوتتۇرىسى پادىشاھ، ئوتتۇرىسى تاج.
سۇنىڭ ئىچكىرىسىگە كىر
ئىچكىرىسى قۇم، ئىچكىرىسى چۆل.
ئىككى ئەينەكنىڭ ئارىسىدا
كىيىملىرىڭنى سېلىۋاتىسەن.
پىچاق قىسسىسىنى توختاتتى، قان ئىتەكلىرىنى ياپتى
گۈل غۇنچىسىنى ئويغاتتى، بۇلبۇل قەلىمىنى تاپتى
دەرياغا تاشتىن تىنىق بەردىم

چۈشكۈن دەرەخلەرگە قىپقىزىل يوپۇرماقلارنى ئاستىم
چېچىلىڭ ئۆلۈك ئاتالارنىڭ يېرىم كېچىسىدە كىشنەۋاتقاندا
تېنىگىنىڭ خەزىنىچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم
ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر چېچىلىپ كەتتى...

2010 ـ يىلى 13 ـ ماي، خوتەن



# قۇياش كېچىسى

تېنىمدىن قەلبىمگە بارماقچى بولسام
لېۋىمدىن باشلارمەن تۇنجى قەدەمنى.
سۆيگۈمنىڭ يالقۇنلۇق قوللىرى بىلەن
سىلارمەن گوياكى پۈتۈن ئالەمنى.

تېنىمدە قەدىمقى قۇياش كېچىسى
ئېزىقىپ قالىمەن ماڭماي تۇرۇپلا.
ئۈزۈلگەن تۈگمەمنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
ئۆمىلەپ بارىمەن سىنىڭ يېنىڭغا.

ھېچ كىشى ھاياتتا ئۆلمەس ئىككى رەت،
سۆيگۈ ھەم ھاياتتا بىرلا ئۆلۈمدۇر.
مەن سېنى سۆيگەنمەن شۇنداق ئامرىقىم؛
ھاياتتىن يۈكسەك، ئۆلۈمدىن چوڭقۇر...

2010 ـ يىلى 19 ـ ماي، خوتەن



# مېنىڭ كۆڭلۈم

ئىككى دۇنيانىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق سايدا
ساپايى چېلىنىۋاتقان مېنىڭ كۆڭلۈم.
ئاتنى ئايلىخانغا سېلىپ قويۇپ
سارىخانغا كېتىۋاتقان مېنىڭ كۆڭلۈم.
ئارقىسىغا ئەگەشكەن ئىت ـ ئېشەكلەرنى
قىزىل، سېرىق ئەتىرگۈللەرگە ئايلاندۇرۇپ،
داپ ھاڭرىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە
بېشىمنى قايدۇرۇپ
كېپىنەكنىڭ جەسىتىگە يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان
مېنىڭ كۆڭلۈم!...

مېنىڭ كۆڭلۈم
بىرىنچى ئاسماندىن يەتتىنچى ئاسمانغىچە قۇياش.
مېنىڭ كۆڭلۈم
بىرىنچى يەردىن يەتتىنچى يەرگىچە قاراڭغۇ...

2010 ـ يىلى 20 ـ ماي.، خوتەن



# تېنىگە پۈركىنىپ ياتقان ئەترگۈل

تاراقلاپ ماڭىدۇ قەبرەم ئۈستىدە
كۆزۈڭنىڭ تۈندىكى يۇلتۇز ئاتلىرى.
چېچىڭغا يۆگىلىپ ئايدىڭ خىيالدا
مەن ساڭا بەرمىگەن جېنىم قالمىدى.
ئاھ، جېنىم... لېۋىڭنىڭ خانىقاسىدا
بىردەم مەي ئىچىشكە بەرگىن ئىجازەت.
چۆل بىلەن مۇقامنى تۆگىگە ئارتىپ
تىرنىقىڭ ئاستىدا يۇرەي تا ئەبەد.
جەننەت ۋە دوزاخقا ماڭسا پۇتلىرىڭ
بۇ ئۇزاق يوللاردا ھەمراھ قىل مېنى.
تېنىڭگە كىرسەم مەن مۇساپىر بولۇپ
ئەڭ يورۇق ئايۋانغا باشلىغىن مېنى.
يۈزۈڭگە ئاسماننىڭ يەتتىنچىسىنى
تارتايمەن، رومالىڭ بولسۇن بۇ كۆڭۈل.
تۇپراقتىن باغرىمغا قايتقىن سەن ئەبەد
تېنىگە پۈركۈنۈپ ياتقان ئەترگۈل.

2010 ـ يىلى 20 ـ ماي، خوتەن

## نازاكەت

چاچلىرىڭغا بىرلا ئۆرۈمەن،
مېنى قوشۇپ تۈگۈۋال، مېنى.
سېنىڭ ئۈچۈن بىرلا ئۆلۈمەن،
مېنى قوشۇپ ئۆلۈۋال، مېنى.

ئاھ، دېڭىزنىڭ قايغۇ شاملى
كۆزلىرىڭدە كېتىۋاتىمەن.
يۈرۈكىڭدىكى ئالتۇن خىيالغا
چۈشلىرىمنى قېتىۋاتىمەن.

ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆلەي،
شامدىن كېيىن بولاي قەلەندەر.
ئەينىكىڭنىڭ سۈزۈكلىكىگە
چۆكۈپ كەتكەن دەريانى سۈزەي.

ماڭسۇن كوچا ساڭا كەلگىلى
جېنىم سايراپ تۇرسۇن قولۇڭدا.
بەرق ئۇرۇپ ئېچىلسۇن گۈللەر
ئوخشىغىلى سېنىڭ بويۇڭغا.

لەۋلىرىڭنىڭ مەيخانىسىدا
ئالا ـ تاغىل توۋلاي مەست بولۇپ.
كۆكسۈڭدىكى بىھايا چۆلگە
يامغۇر كەبى ياغاي ئۆلغىيىپ.

ئاھ مەلىكەم، قەلبىم سېنىڭكى،
كەل، ئوت ياققىن، بۇ پاك دوزاخقا.
بۇ ئىشقىنىڭ ۋەيلۇن كېچىسى
تەلپۈنمەكتە نۇرغا، چىراغقا...

2010 ـ يىلى 20 ـ ماي، خوتەن



# سەندىن باشقا ئايال كەلمىدى

كېچە ئۇزۇن، ئەجەبمۇ ئۇزۇن
چىراغ يېقىپ ئولتۇر ئانىجان.
جەننەتلەرنى قىلغىن زىيارەت
جايىمازدىن ئۆرلەپ شادىمان.
ماڭا كەلمە، ساڭا بارايمەن
سەن ئۆگەتكەن ئاشۇ ئۆلۈمدە
ھاياتقا مەن چوقۇم يارايمەن.
قانداق تۇغدۇڭ، مەھشەر ئالدىغا
قانداق باقتىڭ يالقۇنلار بىلەن؟
يۈرىكىمنىڭ شېئىر قولىدا
چاچلىرىڭنى يۇمشاق تارايمەن.
دۇنيادىكى بىرلا ئايالسەن
توپاندىكى پىنھان ئارالسەن
سەندىن باشقا مەندە ئايال يوق...
جەھەننەمدە ئېگىز تەختىم بار
مەن ئۇ يەردىن قاراپ جەننەتكە
سېنى كۆردۈم، پەقەت سېنىلا...

2010 ـ يىلى 25 ـ ماي، خوتەن

## سەنسىز كۈنلەر شېئىر پۈرايدۇ

چاچلىرىڭنىڭ گۈگۈم پەيتىدە
كىشنەۋاتقان غېرىب يۇلتۇزلار.
يۈزۈڭدىكى قۇياشلىق تاڭدا
ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچى خەلق.
كۆزۈڭدىكى دېڭىز بويىدا
ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغان كېچە.
لېۋىڭدىكى يوپۇرماقلارغا
ئۇۋۇا سالغان قەدىمكى شاراب...
مەن قەلەندەر شاھىڭمەن سېنىڭ
جەستىڭنى باغرىمغا تىزغىن.
سەنسىز كۈنلەر شېئىر پۈرايدۇ
ئاھ، جېنىمنىڭ ئىككىنچىسى، سەن...

2010 ـ يىلى 30 ـ ماي، خوتەن

# خۇرجۇنۇم ساڭا لىق تولدى

ھايات دەرىخىمدە بىر ئۆلۈم
چېچەكلەپ تۇرغىنى مەن ئۆزۈم.
چېچەكلەر بەرگىدە قان ـ قان
خەندە ئۇرغىنى مەن ئۆزۈم.
ساڭا يېتەلمەيدىغىنى مەن تۇرۇپ
ساڭا كېتىۋاتقىنى مەن ئۆزۈم.
ساڭا يارىمايدىغىنى مەن تۇرۇپ
ساڭا سېتىلىۋاتقىنى مەن ئۆزۈم.
كىچىككىنە قولۇڭ بولۇپ
چېچىڭنى تارىغىنى مەن ئۆزۈم.
ئىككى كۆزۈڭ بولۇپ
چۈشۈڭنى مارىغىنى مەن ئۆزۈم.
جېنىم مۇساپىر بۇ ئەجەلگە
تىلىم كەلمەيدۇ ھېچبىر غەزەلگە
سېنى تىلەيدىغان تىلەمچىمەن
خۇرجۇنۇمنى سەن بىلەن تولدۇرغىنى مەن ئۆزۈم...

2010 ـ يىلى 31 ـ ماي، خوتەن

# ئېھ، بۇ جام...

ساڭا تولغان يىرىم كېچەمنى
يۇلتۇزلاردەك جىمىرلىتىمەن.
ساڭا تولغان غېرىب قەلبىمنى
جەسەتلەردەك قىمىرلىتىمەن.

ھايات ماڭا سەندەك بىر ئۆلۈم
سەككىز جەننەت گۈلزارى سەندە.
مامات ماڭا سەندەك بىر كۆرۈم
يەتتە دوزاخ ئۆرتەنگەن تەندە.

قاتار ـ قاتار ئاشۇ ئۆلۈملەر
بوينۇڭدىكى مارجاندۇر سىنىڭ.
ئىشقىڭ بىلەن مەست بولغان تېنىم
قوينۇڭدىكى قۇرئاندۇر سىنىڭ.

ئېھ، بۇ جامنى كۆتۈرگىن ئاخىر
ئىشقتۇر ئېھ، ئۇنىڭدىكى مەي.
ھايات بىلەن ماماتنى قوشۇپ
ئىچۋەتكىن، قەبرىدەك ھەي، ھەي...

2010 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن، خوتەن

# ئىچىدە يوق ئۆلۈكمەن

ئورنىم يوق كۆڭلۈمدىن باشقا
چاقماق چاقمايدىغان يامغۇرلۇق ئاسمىنىم يوق.
كېتىۋاتسام تەگرىم تەرەپكە
ئەجەل ھارۋىسىدىن كۆڭلۈم توق.
بىر ئايالغا
تېگىشىدىغان شەھەرگە پادىشاھمەن.
بىر ئايالغا
جەننەت ياسايدىغان ئىلاھمەن.
تەمبۇر ياۋايى
ساتار غەزەل
ئىچىدە يوق ئۆلۈكمەن...
مۇقام
بارماقلىرىمدىن قوپقاندا ساقاللىق
ئەتلەس كۆڭلەكلىك، شايى روماللىق
ئاھ،
قوللىرىغا كەتمەن ئېلىپ
ناخشا ئېيتىپ
ئۇسسۇل ئويناپ
ئاخرەت ئېتىزىدا ئىشلەيدىغان ئاتا - ئانام!

2010 - يىلى 4 - ئىيۇن. خوتەن



# سىنىڭ تېنىڭ...

ئوڭدا ياتقان تەكلىماكان
ئەمچەكلىرى بارخان ـ بارخان.
ساپاق ـ ساپاق جەسەتلەر
ساڭگىلىغان ئېگىز ئاسمان.
ئۇ دۇنيادا ئاتا ـ بوۋىلار
ئىشلەۋاتقان جەننەت ئېتىزلار.
سۇغا ماڭغان كاككۇكلار
ئەتىرگۈلدەك قىزغىن ئۇرۇشلار.
ئەڭ ئاستىنقى جەھەننەم بىلەن
ئەڭ ئۈستۈنكى ئاسمانغىچە
يۇرۇش قىلىپ جەڭچىلەر
ئېرىشمەك بولغان ۋەتەن ـ
سىنىڭ تېنىڭ، سىنىڭ، سىنىڭ...
ئۇ تەڭرىنىڭ شولىسى
ئۇ يوق شېئىر
ئۇ
ئەلمساقتىن قىيامەتكە ئېچىلغان
قاراڭغۇ ئىشىك!

2010 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇل، خوتەن

# ئېگىز ئۆسكەن ئاۋۇ دەرەخلەر

ئېگىز ئۆسكەن ئاۋۇ دەرەخلەر
كىمنىڭ ئاسمىنىغا سانچىلىپ تۇرار؟
يۇلتۇزلارنىڭ هازا قوشقى
كىمنىڭ دەپتىرىدە تىنىماي ئاه ئۇرار؟
كونا تۆگمەن مەهەللەمدىكى
ئەڭ ئاخىرقى جىنغا يالۋۇرار.
كېتىۋاتقان جىنازىلارنىڭ
ئارقىسىدا هايات لەڭ ئۇرار.
سۆيۈشەر ئاه تەگرىدىن باشقا
بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولۇشقا،
كۆرمىگەچكە تەگرىنى هېچكىم
تا ئۆلگۈچە يۈرەكتە تۇرار.
بىر ـ بىرىنىڭ قىزىلگۈلىنى
تاشلىۋېتەر يىگىت ۋە قىزلار.
چېكىسىگە قىسار يوللاردىن
تېرىۋېلىپ ئۇنى شېئىرلار.
شۇنداق بولار، ئۆلۈملا ئىزهار
چىن مۇهەببەت يا ... ئۇنداق ئەمەس،
بىلمەيمەن زىنهار...

2010 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن، خوتەن



# ئۆلۈك يۇيۇنىدىغان ئايدىڭدا

ئۆلۈك يۇيۇنىدىغان ئايدىڭدا
بىردەم يالىڭاچ تۇرۇۋالغۇم بار.
ئېگىز قاتىللار يۆگۈرۈپ يۈرگەن ئەينەكتە
قوشاق قېتىپ ئۆلۈۋالغۇم بار.
ئەي
جېنىم پاتمىغان ئاخىرقى زامان
قۇياشنىڭ يۈزىگە زۇلمەت بىلەن مىخلانغان ئاسمان
ئاۋازىمدىن كۆچۈۋاتقان قۇم
شاخلىرىمغا ئېسىلغان قەدىمكى ئورمان
گۆش پارچىلايدىغان دۆشتىكى سەھەر
مېنى مەندىن تارتىۋالغان شەھەر
يۇمۇلاق تەكچىدىكى ئۈچ بۇرجەك ئاخۇنۇم
جەھەننەمدىكى ئىككىنچى ئايدا
مەن مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغان جايدا
ئۆلۈۋېلىشقا كەلگەن بىر توپ ئەر
ئاياللار بىلەن ۋىدالاشماقتا:
ئاياللار
ئاھ ئاياللار، ئاياللار
ئىنسان بىلەن تەڭرى ئارىسىدا
تېنى بىلەن يول ياسىغان.

جەننەت مېۋىسىنى يەيدىغان چاغدا
تېنى بىلەن قول ياسىغان،
چۆنەك ـ چۆنەك ئېتىزلىقىغا
قوغۇن بىلەن تاۋۇز تېرىغان،
شامدىن كېيىن مۇنبەت ئېكىنزار
تاڭ سەھەردە توزۇپ كەتكەن قان...
ئاھ ئايالار ، ئايالار
سىلەر تۈنىنىڭ شېئىر قىلىچى
ئۆلۈۋېلىشقا كەلگەن بىر توپ ئەر
ئاشۇ قىلىچتا!

2010 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن، خوتەن





# گىريان

جانىنى بەرگىلى جانان كەلتۈر
قانىنى قايناتقىلى قازان كەلتۈر.
يۈرەك سالام خەتتەك يىرتىلىپ كەتتى
خەت يازغىلى خازان كەلتۈر.
ئاستا ئۆلگىلى كۆلۈپ قەھ ـ قەھ
يارنىڭ پىراقىنى راۋان كەلتۈر.
بىردەم تۇغۇلىمەن، بىردەم ئۆلۈپ
بىردەم قايغۇرىمەن، بىردەم كۆلۈپ...
ۋۇجۇدۇم ھېچ توختىماس مۇئەللەقتە
يەردىن مەن سىغقۇدەك ماكان كەلتۈر!

2010 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇل، خوتەن

# جېنىم قىلىچنىڭ بىسىدا چېچەك

لايىنى سامانىغا قوشمىغان تاملار
يىغلىسام، يىغلىسام توشمىغان جاملار.
جېنىم قىلىچنىڭ بىسىدا چېچەك
ئەجەل قاچىسىدىن تاشقان مۇقاملار.
ئۆلسەم بولاتتى تاپقاندا يارنى،
نەدىن تاپارمەن، نەدىن تاپارمەن
يارنىڭ بويىدەك مەردانە دارنى؟!...
كېتىپ بارىمەن كابۇل، بەدەخشان
گۈلنىڭ لېۋىدىن چۆلنىڭ ئۆيىگە.
ئاسمان ئېگىلۈر، كۆڭلى چېگىلۈر
قايتار قاچان كىم ئاندىن ئۆزىگە؟!

2010 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇل، خوتەن

## ئۆلىدىغان ئادەممەن

مېنى جاھانىڭغا پاتقىلى قوي
ئەسكى سارايىڭدا بىردەم ياتقىلى قوي.
ھەسرەتلىرىمنى باغلاپ، باغلاپ
گۈل بازىرىدا ساتقىلى قوي...
كۆزۈم يار شولىسىنى ئاسمانلارغا تېگىشمەس
يۈزۈم يار جىلۋىسىنى رەيھانلارغا تېگىشمەس
ئەيپۇھانناس!... سېسىپ كەتكەن جېنىمنى
ھېچكىم ئۆلمەيدىغان داستانلارغا تېگىشمەس...
نېتەي، ئۆلىدىغان ئادەممەن،
يار قېشىغا ماڭدىم دەپ
كۈلىدىغان ئادەممەن.
ئارقامدىن ئەگەشكەن ئىزلىرىمنى
قەبرەمنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ،
ئۆزۈم تېخىمۇ چوڭقۇر
تېخىمۇ زۇلمەتلىك ئىز بولۇپ
پايانسىز يوقلۇققا چۆكىدىغان ئادەممەن...
كېيىنەك تونىنى كىيىپ
گۈلخاندا يېتىپ،
يا بىلەن ئوقنى ئېلىپ

دۈشمەننى ئېتىپ
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا
يارغا يارايدىغان ئادەممەن...
قۇمنىڭ ئىشكىدىن كىرىپ
ئۆلگەن ئادەمدەك مىڭ ياشقا كىرىپ
توغراقتىن ساپايىنى
بوراندىن داپىنى ئېلىپ
چېلىپ
ئەجەل ئاستانىسىدا ئەشەددىي مۇقاملارغا ئۇسسۇل
ئوينايدىغان ئادەممەن!...

...

مېنى قات ـ قېتىغا يوشۇرغان گۈل غۇنچىسىنى
يىغلاپ ئېچىلدۇرىدىغان بۇلبۇللار،
مېنى باغلايدىغان ئۇزۇن چاچلارنى
ئۆستەڭگە تاشلاپ ئوينايدىغان سۇمبۇللار،
ۋەتەن دېگەن سۆزنىڭ قارنىنى يېرىپ
جەستىمنى ئېلىپ چىقىدىغان خىياللار،
مېنى سۆيگۈ دېگەن هارۋىغا قېتىپ
دوزاخقا ئوتتۇن توشۇيدىغان ئايالالر
ئىككى ئالەمنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق يولدا
كېتىۋاتقاندا
ئېيتقان ناخشامنى ئاڭلامسىلەر:
ئايارەي
يارسىز مىڭ يىل ياشىسام
ئۆتكەن كۈنۈم بىر كۈنچە يوق.
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق...



مەن بۇ ناخشىنى بىركىمدىن ئاڭلىغان
ئىككى ئالەمنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق يولدا
كېتىۋاتقاندا...
كېتىۋاتقاندا...

2010 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇل، خوتەن



پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئىبراھىم پەيدا**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **ئىسكەندەر ئەنۋەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**

# سەنسىز كۈنلەر

(شېئىرلار)

**ئاپتورى:** غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد
**نەشرىيات:** شنجاڭ خلق باش نشرياتى / قشقر ئويغور نشرياتى
**تېلېفون:** 0991-8888763
**ئادرېسى:** قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 844000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 1230×880 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 6.25
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**باھاسى:** 40.00 يۈەن